# ئىسلامنىڭ ئىرقى ئايرىمچىلىققا قارشى تۇرۇشى

## مۇبارەك ساھابە بىلال بىن راباھنىڭ قىسسىسى

الإسلام ومكافحة التمييز العنصري باللغة الأويغورية

(قصة الصحابي الجليل بلال بن رباح رضي الله عنه)


ئابدۇكېرەم شەيھا نىڭ ئوغلى ئابدۇراخمان

د. عبد الرحمن بن عبد الكريم الشيحة


تەرجىمىسى


European Islamic Research Center (EIRC)

ياۋروپا ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

المركز الأوروبي للدراسات الإسلامية

www.islamland.com


ISLAM LAND
GROW GOODNESS BY YOUR HAND
EXPLORE ISLAM IN ALL LANGUAGES
You Tube
WWW.ISLAMLAND.COM

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

## ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

جاھالەت ئۇمۇملاشقان، ئورمان قانۇنى (كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بۇزەك قىلىدىغان قانۇن) باش كۆتۈرگەن، بۇتلارغا ئىبادەت قىلىنىپ ئۆلۈكلەر يېيىلگەن، زىنا پاھىشىلەر ئېلىپ بېرىلغان، سىلە رەھىملەر ئۈزۈۋېتىلگەن، ئىرقى ئايرىمىچىلىق ئۇمۇملۇشۇپ كىشىلەر ئاتالمىش ئالاھىدىلىك،ۋە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ھەرخىل ئىجتىمائىي تەبىقىلەرگە بۆلۈنۈپ، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارغا زۇلۇم قىلىپ، بايلار كەمبەغەللەرنى يەپ، كىشىلەر بىر بىرىنى قۇل قىلىشۋېلىشقان مانا مۇشۇنداق بىر دەۋىردە دۇنيا مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەۋەتىلىشى بىلەن يۇرۇپ كەتتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرۇق ئوت-چۆپلەرگە تۇتاشقان ئوتتەك تىز سۈرئەتتە كېڭىيىدىغان دەئۋىتىنى ئوتتۇرغا قۇيا- قويمايلا شۇ دەۋىردە ئۇمۇملۇشۇپ كەتكەن ئۆلچەملەر پۈتۈنلەي ئۆزگەردى ئاندىن بۇ دەئۋەت نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھاۋايى- ھەۋەسلىرى ۋە قىزىقىشلىرىغا قارشى كەلدى، شۇ سەۋەپتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى يولسىزلارچە يەۋالىدىغان ھەر بىر زالىم ھۆكۈمران دۈشمەن تۇتتى، بۇ پەقەت ئۇنىڭ ئىنسانلارنى "ئاللاھنىڭ غەيرىگە قۇل بۇلۇشتىن ئازات بۇلۇش نەتىجىدە ئىنسانىيەت نەپسى ئۆزىنى ئىگەللىۋالغان ياكى قۇل قىلىۋالغان ھەرقانداق ھۆكۈمراندىن قۇتۇلۇش "قا چاقىرىدىغان تەۋھىد شەرىئىتىنى (قانۇنىنى) ئېلىپ كەلگەنلىكى ئىدى.

جاھالەتكە قارشى تۇرۇش، ئاشكارا ۋە يۇشۇرۇن زىنا پاھىشىلەرنى چەكلەش بۇ شەرىئەتنىڭ پىرىنسىپى ئىدى، بۇ شەرىئەت زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىكنى چەكلەيتتى، جەمئىيەتتە ئۇمۇملىشىپ كەتكەن، رەڭ، جىنىس ياكى ئىرقى ئوخشاشماسلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان سىنىپى بۆلۈنۈشلەرنى تامامەن يۇقۇتاتتى،

بۇ شەرىئەت ئىنسانىنى ئاللاھ تەئالا ئىرادە قىلغان ھۆرمەتلىنىش ئورنىغا قۇياتتى ۋە ئۇنى مۇستەملىكىچىلەر ئۇلار ئۈستىدىن بىكىتىپ قويغان خارلىق ۋە شەرمەندىچىلىكلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ ئۇلارغا بۇ قانخورلار تارتىۋالغان ھوقۇقىنى بىرەتتى.

كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلىشتىن بۇرۇن ئىنسانغا ياكى شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن تاشقا ۋە ياكى ئۇيۇپ قويۇلغان ياغاچقا ئىبادەت قىلاتتى، ۋە ئۆزىنىڭ قېرىندىشى بولغان ئىنسانلارنى ئۆزى تۈزۈپ چىققان ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئوخشاشلا زالىم بولغان تۈزۈملىرى بىلەن قۇل قىلاتتى،

مانا بۇ زالىم تۈزۈملىرى بىلەن ئۇنىڭ تىرىشچانلىقلىرى ۋە ھۆرمىتىنى يۇقۇتۇپ ئۇنىڭ ھالال ئەمگىكىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلاتتى، شۇ سەۋەپتىن ئىسلام جەمئىيەتنى ھەر خىل ئىجتىمائىي قاتلاملارغا بۆلىۋېتىدىغان بارلىق زالىم تۈزۈملەرگە قارشى تۇردى.

رەسۇلۇللاھ سەﷲلاھۇ ئەلەيھى ۋەسەﷲم كىلىپ مۇنداق دەپ جاكارلىدى: ئەي.ئىنسانلار بىلىڭلاركى ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار بىردۇر، ۋە ئاتاڭلار بىردۇر، بىلىڭلاركى ئەرەپلەرنىڭ ئەجەملەردىن، ئەجەملەرنىڭ ئەرەپلەردىن، ئاق تەنلىكنىڭ قارا تەنلىكتىن قارا تەنلىكنىڭ ئاق تەنلىكتىن بولغان پەرقى پەقەت تەقۋالىق بىلەنلا بۇلۇدۇ.

ھىندىستانلىق بىراخمان دىنىدىكىلەرنىڭ قولىدىكى ئاتالمىش <مۇقەددەس> كىتاپلىرى كىشىلەر ئارىسىدىكى پەرىقنى ئۇلارنىڭ ماددىسى ۋە تۈنجى پەيدا بۇلىشىغا قاراپ بېكىتىپ مۇنداق دەيدۇ: بەراھمان <ئۇلارنىڭ ئاتالمىش ئىلاھى> بىراخمان دىنىدىكىلەرنى ئېغىزىدىن ياراتقان، كەشتەرىيلەرنى بىلىكىدىن، پەيسائىي تۈرىدىكىلەرنى يۇتىسىدىن، سەۋدرائىي تۈرىدىكىلەرنى پۇتىدىن ياراتقان.

ۋە ئۇلارنىڭ كىتاپلىرى مۇشۇ تەبىقىلەر ئارىسىدىكى ئىنسانىي ۋەزىپىلەرنى تەقسىملەپ ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى نىجىسلار، ئىلاھنىڭ يۇتىسىدىن يارىتىلغانلار، ئۇنداق بولغان ئىكەن ئۇلار تۆۋەن قاتلامدىكى پەس كىشىلەر، ئۇلار پەقەت پەس ئىشلارنىلا قىلىدۇ، ئۇلار پەقەت بىراخمان دىنىدىكىلەرگە خىزمەت قىلىش ئۈچۈنلا يارىتىلغان دەپ ئېتىقاد قىلىشىدۇ، ئەنە شۇنىڭدەك قەدىمقى يۇنانلار ۋە رۇملار ئۆزلىرىنى باشقا مىللەتلەر يارىتىلغان ماددىغا تامامەن ئوخشىمايدىغان باشقا ماددىلاردىن يارىتىلغان دەپ ئېتىقاد قىلاتتى، ئۇلار باشقا مىللەتلەرنى "ياۋايىلار" دەپ ئاتايتتى، بۇ ئايرىمىچىلىقنى ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ پەيلاسوپى ئارىستوتىل بايان

قىلىپ مۇنداق قارار قىلدۇ:[ئىلاھلار ئىككى تۈرلۈك ئىنسان ياراتقان بولۇپ بىر تۈرلۈكنى ئەقىل ۋە ئىرادە بىلەن تەمىنلىگەن مانا بۇ يۇنانلىقلار تۈرى بولۇپ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ زېمىندىكى خەلىپىسى بولۇش ۋە بارچە ئىنسانلارنىڭ خوجايىنى بولۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق مۇكەممەل رەۋىشتە ياراتقان، يەنە بىر تۈرىنى بولسا جىسمانىي كۈچ ۋە جىسمىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر بىلەنلا تەمىنلىگەن، مانا بۇلار ياۋايى مەدىنىيەتسىز كىشىلەر بولۇپ ئىلاھلار بۇلارنى بۇ تاللانغان كىشىلەرگە قۇل بولسۇن ئۈچۈن مۇشۇنداق كەمتۈك رەۋىشتە ياراتقان].

شۇنىڭدەك يەھۇد ۋە ناسارالارمۇ ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرى ئۆزلىرىنى باشقا ئىنسانلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئالاھىدە مەرتىۋىسى ۋە ئورنى بار ئاللاھنىڭ تاللانغان خەلقى دەپ قارايتتى چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى باشقا ئىنسانلارنىڭ ماددىسىغا ئوخشىمايدىغان باشقا بىر ماددىدىن يارىتىلغان دەپ ئېتىقاد قىلاتتى، شۇڭلاشقا ئۇلار ئۆزلىرىدىن باشقا كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ماددىسى ئېتىبارى بىلەن كەمسىتىش نەزىرىدە قارايتتى ۋە ئۇلارغا "جۇۋەيىم"دىگەن نامنى ئىشلىتەتتى مانا بۇ ئاتالغۇ يەھۇدىيلاردىن باشقا كىشىلەرگە ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى:كاپىرلار، بۇتپەرەسلەر ۋە نىجىسلار دىگەن بولاتتى. دىمەك ئۇلار ئۆز ئېتىقادىدا ئۆزلىرىدىن باشقا كىشىلەرنى تونجى يارىتىش بويىچە بولغاندا تۆۋەن كىشىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن قۇل قىلىش ۋە پايدىلىنىشقا ھەقلىقمىز دەپ قارايتتى، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

**وَمِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ مَنْ إِن تَأْمَنْهُ بِقِنطَارٍ يُؤَدِّهِ إِلَيْكَ وَمِنْهُم مَّنْ إِن تَأْمَنْهُ بِدِينَارٍ لاَّ يُؤَدِّهِ إِلَيْكَ إِلاَّ مَا دُمْتَ عَلَيْهِ قَآئِمًا ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ قَالُواْ لَيْسَ عَلَيْنَا فِي الأُمِّيِّينَ سَبِيلٌ وَيَقُولُونَ عَلَى اللّهِ الْكَذِبَ وَهُمْ يَعْلَمُونَ.**

ئەھلى كىتابتىن بەزى كىشىلەر باركى، ئۇنىڭغا كۆپ مال ئامانەت قويساڭمۇ ساڭا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ؛ ئۇلاردىن يەنە بەزى كىشىلەرمۇ باركى، ئۇنىڭغا بىر دىنار ئامانەت قويساڭمۇ ئۇنىڭ بېشىدا تۇرمىغىچە (يەنى قايتا - قايتا سۈيلىمىگىچە) ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار: «ئۇممىلەرنىڭ مېلىنى خىيانەت قىلساق بىزگە گۇناھ بولمايدۇ (يەنى بىزنىڭ دىنىمىزدا بولمىغانلارنىڭ ماللىرى بىزگە ھارام ئەمەس)» دېدى، ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ الله نامىدىن يالغاننى توقۇيدۇ.

سۈرە ئال ئىمران ٧٥-ئايەت

ئىبنى كەسىير بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئۇلارنى ھەقنى ئىنكار قىلىشقا ئېلىپ بارغان نەرسە شۇكى ئۇلار (بىزنىڭ دىنىمىزدا ئۇممىيلارنىڭ "ئەرەپلەرنى دىمەكچى"پۇل ماللىرىنى يىسەك كىرەك يوق چۈنكى ئاللاھ ئۇنى بىزگە ھالال قىلىپ بەرگەن) دەيتتى.

دىمەك ئۇلارنىڭ باشقا خەلىقلەرگە بولغان كۆز قارشى تۆۋەن كۆرۈش بۇلۇپ باشقىلارنى ئاللاھ شۇلارغا قۇل بۇلۇش ئۈچۈن ياراتقان دەپ قارايتتى.

ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھەقىيقىتىنى ۋە بارچە ئىنسانلارنىڭ پەرقسىز باپ-باراۋەر ئىكەنلىكىنى، بۇنداق خاتا قاراشنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى قۇرۇق ئارزۇ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

**وَقَالَتِ الْيَهُودُ وَالنَّصَارَى نَحْنُ أَبْنَاء اللّهِ وَأَحِبَّاؤُهُ قُلْ فَلِمَ يُعَذِّبُكُم بِذُنُوبِكُم بَلْ أَنتُم بَشَرٌ مِّمَّنْ خَلَقَ يَغْفِرُ لِمَن يَشَاء وَيُعَذِّبُ مَن يَشَاء وَلِلّهِ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا وَإِلَيْهِ الْمَصِيرُ.**

يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار: «بىز الله نىڭ ئوغۇللىرىدۇرمىز (يەنى ئاتا ـ بالىدەك يېقىنمىز) ۋە (بىز الله نىڭ دىنىدا بولغاچقا) دوستلىرىدۇرمىز» دېدى. ئېيتقىنكى، «(ئۇنداق بولسا) الله نېمە ئۈچۈن سىلەرگە گۇناھكلار تۈپەيلىدىن ئازاب قىلىدۇ؟» بەلكى سىلەر باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش الله ياراتقان ئىنسانسىلەر، الله خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ؛ خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ. ئاسمانلارنىڭ، يەر يۈزىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى الله قا خاستۇر، ئەڭ ئاخىر بارىدىغان جاي االله نىڭ دەرگاھىدۇر

سۈرە مائىدە ١٨-ئايەت

شۇنىڭدەك ئەرەپلەرمۇ ئىسلام كىلىشتىن بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆزلىرىنى مۇكەممەل ئىنسانىي تەبىئەتكە ئىگە كىشىلەر، باشقىلار بولسا تۆۋەن ئىنسانىي تەبىئىتى مۇكەممەل بولمىغان كىشىلەر دەپ قارايتتى.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئەقىدىسىنىڭ خاتالىقىنى، پىكىرلىرىنىڭ ئازغۇن پىكىر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەردى، ھەمدە بۇ سۆزىنى مانا مۇشۇنداق بولۇنۇش ۋە تەپرىقىچىلىقنى يۇقۇتۇش ئۈچۈن كەلگەن ئىسلام شەرىئىتىنىڭ تەلىماتلىرىغا بىنائەن باشقىلارنى ھۆرمەتلەش، تۆۋەن كۆرمەسلىك،قاتارلىق ئىشلاردا ئەگىشىپ ماڭىدىغان ئۈلگە، نەمۇنە قىلىپ بەردى.

ئىبنى ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) دىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دەيدۇ:پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەن چۈشۈمدە ئارلىشىپ كەتكەن نۇرغۇن ئاق- قارا قويلارنى كۆردۈم دىگەندە ساھابىلار ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئۇنى قانداق چۈشەندىڭ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:ئەجەملەر سىلەرگە دىنىڭلاردا ۋە نەسەبلىرىڭلاردا ئورتاق بۇلۇدۇ، دەپ جاۋاپ بەردى، ساھابىلار ئىي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئەجەملەرمۇ شۇنداق بۇلامدۇ؟ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەگەر ئىيمان سۇرەييا دىگەن يۇلتۇزغا ئېسىقلىق بولغان تەقدىردىمۇ (يەنى شۇنچىلىك يىراقتا بولسىمۇ) ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئەجەملەردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئېرىشىپ ئۇنىڭ بىلەن باشقا كىشىلەرنىمۇ بەختلىك قىلىدۇ.

دىمەك ئىنسانلار كان بايلىقلىرىغا ئوخشايدۇ، ھەر بىر تۈردىكى ئىنسانلارنىڭ ئەسلى يارىتىلىش ۋە پەيدا بۇلۇشىدىكى ماددىسىغا قاراپ ئەمەس بەلكى ئىنسان تەبىئىتىدە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاللاھ خاسلاشتۇرۇپ بەرگەن ئالاھىدىلىكى بار،

مۇكەممەللىك ئاللاھ تائالاغا خاس، كەمتۈكلۈك، يىتەرسىزلىك ۋە ئەيىپ نوقسانلار بولسا پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەردىن باشقا بارلىق ئادەم باللىرىنىڭ بەلگىسىدۇر.

مانا بۇ تەلىماتلار مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىگە تەسىر قىلدى دە ئۇلار باشقىلارغا ئادىللىق قىلىشقا ۋە مۇشۇ تەلىماتلارغا ئۇيغۇن ھالدا مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى.

مۇستەۋرىدۇلقۇرەشىي ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەﷲلاھۇ ئەلەيھى ۋەسەﷲمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: « قىيامەت رۇملۇقلار (ياۋرۇپالىقلار) ئەڭ كۆپ ۋاقتىدا قايىم بولىدۇ »

ئەمىر ئىبنى ئاس ئۇنىڭغا دىگەنلىرىڭنى ئېنىقلاپ سۆزلە دېدى: مۇستەۋرىد مەن رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغاننى دەۋاتىمەن دېدى. ئەمىر ئىبنى ئاس ئۇنداقتا بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلاردا تۆت خىسلەت بار:

بىرىنجى: ئۇلار پىتنە _ پاساتچىلىقتا ئەڭ بەك سەۋىر قىلىدىغان كىشىلەردۇر.

ئىككىنجى: بېشىغا كەلگەن بالا _ مۇسىبەتتىن ئەڭ تېز سۈرئەتتە قۇتۇلىدىغان كىشىلەردۇر.

ئۈچىنجى: مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قايتا ئۇرۇش ئېچىشقا ئالدىرايدىغان كىشىلەردۇر.

تۆتىنجى: يىتىم مىسكىنلەرگە ۋە ئاجىزلارغا بەك ياخشىلىق قىلىدىغان كىشىلەردۇر.

ۋە يەنە ناھايىتى ياخشى يەنە بىر سۈپىتىمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ: ئۇلار پادىشالىرىغا تۇلۇق بويسۇنغانلىقتىن ئۇلارنىڭ زۇلۇم قىلىشىدىن قۇتۇلۇپ قالىدىغان كىشىلەردۇر، (يەنى پادىشاھلىرى ئۇلارغا زۇلۇم قىلمايدۇ).

[مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەل مانا مۇشۇنداق يىرگىنىشلىك بۈلۈنمىچىلىكنى بىكار قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بۇلۇپ ئەركىنلىك ئۇ ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتنىڭ پىرىنسىپلىرىدىن ئىدى، مانا بۇ ئۇنىڭدىن كىيىنكى خەلىپىلەر ئىجرا قىلغان شەرىئەت قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن بولغان، بارلىق ئىنسانىيەتكە مۇتلەق بولغان ئەركىنلىك بۇلۇپ، ئۇلار ھاكىم بىلەن مەھكۇمنى ۋە ياكى باي بىلەن كەمبەغەل ئوتتۇرسىنى ئايرىمىغان.

ئەنەس (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دەيدۇ:مىسىرلىق بىر كىشى ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) نىڭ قېشىغا كىلىپ ئي مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى مەن زۇلۇمغا قارشى سەندىن پاناھلىق تىلەيمەن دىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئەلۋەتتە پاناھلىق بىرىمەن دىدى، ئۇ كىشى مەن ئەمرىبنى ئاس (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) نىڭ ئوغلى بىلەن مۇسابىقىلىشىپ ئۇنى يىڭىۋەتكەن ئىدىم، ئاندىن ئۇ مىنى «مەن دىگەن ئىسىل كىشىلەرنىڭ ئەۋلادى »

دىگەن پېتى ئۇرۇپ كەتتى دىدى، ئاندىن ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئەمرىبنى ئاسقا (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئوغلىنى ئېلىپ كىلىشكە بۇيرۇپ خەت يازدى، ئۇ كەلدى، ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ھېلىقى مىسىرلىق قېنى؟ قامچىنى ئېلىپ ئۇر دىدى، ئۇ ئەمرىبنى ئاسنىڭ ئوغلىنى قامچا بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى، ئۆمەر: ئىسىل كىشىلەرنىڭ باللىرىنى ئۇرە دەپ تۇراتتى، ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئۇ شۇنداق ئۇرۇپ كەتتىكى بىزمۇ ئەسلىدە ئۇنىڭ ئۇرىشىنى ياخشى كۆرەتتۇق، لېكىن ئۇ ئۇرۇشتىن توختىمىدى ھەتتا بىز ئۇنىڭ ئۇرۇشتىن توختىشىنى ئارزۇ قىلىپ قالدۇق، ئاندىن ئۆمەر ھېلىقى مىسىرلىققا قامچىنى ئەمرىبنى ئاسنىڭ تاقىر بېشىغىلا قويغىن دىدى، ئۇ مىسىرلىق ئېيتتىكى:ئىي مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى مىنى ئۇرغىنى ئۇنىڭ ئوغلى مەن ئۇنىڭدىن قىساسىمنى ئېلىپ بولدۇم دىدى، ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:كىشىلەرنى ئانىلىرى ھۆر ھالەتتە تۇققان تۇرسا سىلەر ئۇلارنى قاچاندىن بىرى قۇل قىلىۋالدىڭلار دىدى، ئەمرى ئىبنى ئاس: ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى مەن بۇ ئىشنى بىلمەپتىمەن، ئۇ مىنىڭ يېنىمغا كەلمەپتۇ دىدى.

[ئىبنى ئابدۇلھەكەمنىڭ تارىخ كىتابىدىن ئېلىندى]

شۇنىڭدەك قۇرئان كەرىم ئۇپ-ئۇچۇق ھالەتتە بارلىق ئىنسانلار ئارىسىدا نۇرغۇن ئوخشاشماسلىقلار ۋە پەرىقلەر بولغان بولسىمۇ بىر ئىنسان يەنە بىر قېرىندىشى بولغان ئىنسان بىلەن ئوخشاش ھالەتتە بۇلۇدۇ، بارلىق ئىنسانلار باپ-باراۋەر دىگەن ھەقىيقەتكە چاقىردى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇنى كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقاتتى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**يَا أَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُواْ رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُم مِّن نَّفْسٍ وَاحِدَةٍ وَخَلَقَ مِنْهَا زَوْجَهَا وَبَثَّ مِنْهُمَا رِجَالاً كَثِيرًا وَنِسَاء وَاتَّقُواْ اللّهَ الَّذِي تَسَاءلُونَ بِهِ وَالأَرْحَامَ إِنَّ اللّهَ كَانَ عَلَيْكُمْ رَقِيبًا.**

ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر - ئاياللارنى ياراتقان

پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىر - بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان الله تىن قورقۇڭلار، سىلە - رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن

ساقلىنىڭلار. الله ھەقىقەتەن سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر

سۈرە نىسا ١-ئايەت

دىمەك ئىنسانىنىڭ ئەسلى، كىلىپ چىقىشى ۋە مەنبەسى بىر بولۇپ ئۇ بولسىمۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامدۇر.

چۈنكى رەببىمىز ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

إِنَّ مَثَلَ عِيسَى عِندَ اللّهِ كَمَثَلِ آدَمَ خَلَقَهُ مِن تُرَابٍ ثِمَّ قَالَ لَهُ كُن فَيَكُونُ.

شۈبھىسىزكى، الله نىڭ نەزىرىدە ئىسانىڭ مىسالى (ئۇ ئاتىسىز يارىتىلغانلىقتىن) ئادەمنىڭ (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئادەمنى الله (ئاتا - ئانىسىز) تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇدقا كەل» دىدى - دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كەلدى (ئىسانىڭ ئىشى ئادەمنىڭ ئىشىدىن ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس)

سۈرە ئال ئىمران ٥٩-ئايەت

ئاندىن ئاللاھ ئۇنى كۆپۈيۈشنىڭ مەنبەسى قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

وَمِنْ آيَاتِهِ أَنْ خَلَقَكُم مِّن تُرَابٍ ثُمَّ إِذَا أَنتُم بَشَرٌ تَنتَشِرُونَ

الله نىڭ سىلەرنى تۇپراقتىن ياراتقانلىقى، ئاندىن سىلەرنىڭ ئىنسان بولۇپ زېمىندا تارىلىپ يۈرۈشۈڭلار الله نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر

سۈرە رۇم ٢٠-ئايەت

بارلىق ئىنسانلار بىر ئاتا بىر ئانىدىن بارلىققا كەلگەن شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ يەنە بىرىدىن ئەسلى ماددىسى سەۋەبلىك ئارتۇقچىلىقى بولمايدۇ، ئاللاھ تائالا ئىنسانلار ئىچىدىن تۇنجى ياراتقان كىشى بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى بولغان

ئادەم ئاتىمىزدۇر، ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئانىسى بولغان ئايالى ھەۋۋانى ياراتقان، ۋە بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئىزنى قىلغان ۋە قىيامەت بولغانغا قەدەر ئىنسانىيەتنىڭ كۆپىيىشىنى بۇ ئىككىسىدىن بۇلىدىغان قىلىپ بىكىتتى.

كىشىلەر بىر ئەسلىدىن يارىتىلغان تۇرۇپ بىر بىرىدىن پەخىرلەنىشمەيدۇ، بىر بىرىنى خارلاپ قۇل قىلىشمايدۇ، بىر بىرىنى تۆۋەن كۆرۈشمەيدۇ،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا سىلەردىنجاھىلىيەتتىكى ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش ۋە ئەجداتلىرى بىلەن پەخىرلىنىشلەرنى بىكار قىلىۋەتتى، كىشىلەر ئىككى تۈرلۈك بۇلۇپ تەقۋادار مۇئمىن، ۋە بەختىسىز پاجىردۇر كىشىلەر ئادەمنىڭ ئەۋلادى، ئادەم بولسا تۇپراقتىن يارىتىلغان.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دىدى:

**وَمَا كَانَ النَّاسُ إِلاَّ أُمَّةً وَاحِدَةً فَاخْتَلَفُواْ وَلَوْلاَ كَلِمَةٌ سَبَقَتْ مِن رَّبِّكَ لَقُضِيَ بَيْنَهُمْ فِيمَا فِيهِ يَخْتَلِفُونَ**

ئىنسانلار (ئەسلىدە) بىر دىن (يەنى ئىسلام دىنى) دا ئىدى. كېيىن ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشتى (يەنى دىنلار كۆپەيدى، بۇتلارغا چوقۇنۇشتى). پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىنئالا ئېيتقان سۆزى (يەنى جازالاشنى قىيامەتكە قالدۇرۇشتىن ئىبارەت تەقدىرى) بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە ھۆكۈم چىقىرىلاتتى (يەنى دىندا ئىختىلاپ قىلىشقانلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا بۇ دۇنيادىلا جازا بېرىلەتتى

سۈرە يۇنۇس ١٨ ـ ئايەت

دىمەك ئىنسانلار ئىچىدىن بۇرۇن يارىتىلغانلىرى ۋە بۇندىن كىيىن يارىتىلدىغان كىشىلەر ھەممىسىنىڭ ئەسلى ماددىسى ۋە كىلىپ چىقىشى بىر بۇلۇپ ئۇلارنىڭ باشلىنىشى بىر دىن ۋە بىر تىلدا ئىدى لېكىن ئۇلار كۆپىيىش بىلەن زىمىندا بۆلۈنۈپ كەتتى، ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىلىپ كەتتى، ئاندىن تەبئىي زۆرۈل بولغان بىر نەتىجە بارلىققا كەلدى، ئۇ بولسىمۇ بۇنداق بۆلۈنۈش

ۋە تارقىلىشقا ئەگىشىپ كىلىدىغان تىل، رەڭ،ۋە مىجەزنىڭ ئوخشاشماسلىقى ئىدى، مانا بۇ مۇھىتنىڭ تەسىرىدە يۈز بىرىدىغان زۆرۈل بىر نەتىجە بۇلۇپ بۇ ئوخشاشماسلىقتىن تەپەككۇر ئۇسلۇبى، تۇرمۇش ئۇسلۇبى ۋە شۇنىڭدەك ئەقىدىلەردىكى ئوخشاشماسلىق كىلىپ چىقاتتى. شۇڭلاشقا ئاللاھتائالا ئۇلارنى تۈنجى مەنبەگە قايتۇرۇش ئۈچۈن ئەلچىلەرنى ئەۋەتتى، ئۇ بولسىمۇ يەككە-يىگانە ئاللاھقا شىرىكسىز ئىبادەت قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَّسُولاً أَنِ اعْبُدُواْ اللّهَ وَاجْتَنِبُواْ الطَّاغُوتَ فَمِنْهُم مَّنْ هَدَى اللّهُ وَمِنْهُم مَّنْ حَقَّتْ عَلَيْهِ الضَّلالَةُ فَسِيرُواْ فِي الأَرْضِ فَانظُرُواْ كَيْفَ كَانَ عَاقِبَةُ الْمُكَذِّبِينَ.**

بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۇممەتكە: «الله قا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا الله ھىدايەت قىلغانلىرىمۇ بار، گۇمراھلىققا تېگىشلىك بولغانلىرىمۇ بار. يەر يۈزىدە سەير قىلىپ يۈرۈپ (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزىتىڭلار.

سۈرە نەھل ٣٦-ئايەت

ھەقىيقەتەن ئىسلام كىشىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنىشىگە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: بەزىبىر چاچ-تۇزاڭ بېسىپ كەتكەن، تۈپىغا مىلىنىپ كەتكەن، كىيىملىرى جۇل-جۇل، كىشىلەر تۈۋەن كۆرۈپ قاراپمۇ قويمايدىغان شۇنداق بىر كىشىلەر باركى ئەگەر ئۇ ئاللاھقا قەسەم قىلسا ئەلۋەتتە ئاللاھ ئۇنىڭ قەسىمىنى ئۇرۇنلاپ بىرىدۇ (يەنى ئەگەر ئۇ بىرە ئىشنىڭ يۈز بىرىشىگە قەسەم قىلسا ئاللاھ ئۇ كىشىنى ھۆرمەتلىگەنلىكى ۋە ئۇ كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىكى مەرتىۋىسىنىڭ يۇقۇرلىقى سەۋەبىدىن ئۇ ئىشنى ئۇرۇنلاپ بىرىدۇ).

ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ:بەزىبىر ئىشكىلەر ئالدىدىن قوغلىنىدىغان، چاڭ-توزاڭ بېسىپ كەتكەن كىشىلەر باركى ئەگەر ئاللاھقا قەسەم قىلسا ئاللاھ ئۇنى ئورۇنلاپ بىرىدۇ.

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

مانا يىرگىنىشلىك بۆلۈنمىچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ رەڭ، جىنس، ۋە ئىرقىي ئوخشاشماسلىقىدىن پايدىلىنىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر بارلىققا كەلگىنىدە ئىسلام شەرىئىتى ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى يولنى ئۈزۈپ تاشلىدى، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەم باللىرىنىڭ رەڭلىرى، مىجەزلىرى ۋە تەبىئىتىنىڭ ئوخشاشماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: شەك-شۈبھىسىزكى ئاللاھتائالا ئادەمنى زىمىننىڭ ھەممە يىرىدىن ئالغان بىر ئۇچۇم توپراقتىن ياراتتى، شۇڭلاشقا ئادەم باللىرى (تۇپرىقى ئىلىنغان)زىمىنغا قارتا بارلىققا كەلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قىزىل، قارا، ئاق، سىرىق، ۋە شۇنىڭغا يېقىن بولغانلىرى بار، ۋە مۇلايىم، قوپال، ناچار، ۋە ياخشى بولغانلىرى بار.

دىمەك ئىنسانلار جىنسى، رەڭگى، تىلى ۋە تەنلىرى قانداق بۇلۇشتىن قەتئىي نەزەر ھەممىسى بىر خىل ھالەتتە دۇر، چۈنكى ھەممىسى ئاللاھ ئالدىدا پەرىق ۋە ئوخشاشماسلىق ھاسىل بۇلىدىغان بىر نەرسىدىن باشقا ھەممە شەيئىدە ئوخشاشدۇر، ئۇ بولسىمۇ كىشىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى تەتبىقلاشقا يېقىن ياكى يىراق بۇلىشى ۋە ئۆزلىرىگە ۋە جەمئىيەتكە تەقدىم قىلغان ياخشىلىق ۋە ئىسلاھاتىدۇر.

ئاللاھتائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُم مِّن ذَكَرٍ وَأُنثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ**

ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى

كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، الله ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.

سۈرە ھوجرات ١٣-ئايەت

دىمەك ئاللاھ تائالا سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇقلاردىن (قەبىلىلەردىن قىلىشى بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتتىن، بىر ئۇرۇقنىڭ يەنە بىر ئۇرۇقتىن ئارتۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى بۇنداق ئايرىش ئاراڭلاردىكى تونۇشۇشىڭلار ۋە پەرىقلەندۈرۈشىڭلار ۋاستىسى بولسۇن ئۈچۈندۇر، خۇددى شەخسلەر تونۇلۇشى ۋە باشقىلاردىن پەرىقلىنىشى ئۈچۈن ھەر بىرى ئايرىم ئىسىم قويۇلغانغا ئوخشاش.

ۋە يەنە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ وَحَمَلْنَاهُمْ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ وَرَزَقْنَاهُم مِّنَ الطَّيِّبَاتِ وَفَضَّلْنَاهُمْ عَلَى كَثِيرٍ مِّمَّنْ خَلَقْنَا تَفْضِيلاً**

شەك - شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلۇغلارغا) مىندۈردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق.

سۈرە ئىسرا ٧٠- ئايەت.

مانا بۇ ھۆرمەتلەش ئايرىلماستىن بارلىق ئىنسانلارغا ئۇمۇم بولۇپ ئاللاھتائالا بۇنى بىر جىنىسنى قويۇپ يەنە بىر جىنىسقا، بىر جامائەتنى قويۇپ يەنە بىر جامائەتكە خاس قىلغان ئەمەس.

ۋە يەنە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

**وَهُوَ الَّذِي جَعَلَكُمْ خَلاَئِفَ الأَرْضِ وَرَفَعَ بَعْضَكُمْ فَوْقَ بَعْضٍ دَرَجَاتٍ لِّيَبْلُوَكُمْ فِي مَا آتَاكُمْ إِنَّ رَبَّكَ سَرِيعُ الْعِقَابِ وَإِنَّهُ لَغَفُورٌ رَّحِيمٌ**

الله سىلەرنى (ئۆتكەنكى ئۇممەتلەرنىڭ) ئورۇنباسارلىرى قىلدى، الله سىلەرنى بەرگەن نىېمەتكە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى قىلدى، پەرۋەردىگارىڭ (ئاسىيلىق قىلغۇچىلاردىن) ئەلۋەتتە تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر، (ئىتائەت قىلغۇچىلارنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر.

سۈرە ئەنئام ١٦٥-ئايەت

بارلىق ئىنسانىيەت مۇستەسناسىز رەۋىشتە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش، كائىناتنى گۈللەندۈرۈش، ۋە ئاللاھتائالا يۇقارقى ئايەتتە بايان قىلغان ئورۇنباسار بولۇش مەجبۇرىيىتىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن يارىتىلغان، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئوخشاشماسلىق ۋە پەرىق ئەسلى يارىتىلىش ماددىسىدا بولماستىن بەلكى رىزىقتا، ئەخلاقتا، ياخشىلىق قىلىش ۋە ئەسكىلىك قىلىشتا، كۆرۈنۈش، شەكىل ۋە رەڭلەردە قىلىنغان. بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئاللاھتائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**أَهُمْ يَقْسِمُونَ رَحْمَةَ رَبِّكَ نَحْنُ قَسَمْنَا بَيْنَهُم مَّعِيشَتَهُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَرَفَعْنَا بَعْضَهُمْ فَوْقَ بَعْضٍ دَرَجَاتٍ لِيَتَّخِذَ بَعْضُهُم بَعْضًا سُخْرِيًّا وَرَحْمَتُ رَبِّكَ خَيْرٌ مِّمَّا يَجْمَعُونَ**

پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىنى ئۇلار تەقسىم قىلىپ بېرەمدۇ؟ بىز ئۇلارنىڭ ھاياتىي دۇنيادىكى رىزقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى (ھەق بېرىپ) ئىشقا سالسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق، پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتى ئۇلارنىڭ توپلىغان نەرسىلىرى (يەنى پۇل - ماللىرى) دىن ياخشىدۇر.

سۈرە زۇخرۇپ ٣٢-ئايەت

ئىنسانلار ئىسلام بىكىتىپ بەرگەن مانا بۇ باراۋەرلىككە بىنائەن مۇستەسناسىز رەۋىشتە تۆۋەندىكى ئىشلاردا باراۋەردۇر:

--- ھەرقانداق ئىنسانىنىڭ جىنسى، ئىرقى ۋە ياكى رەڭگى قانداق بولۇشتىن قەتئىي نەزەر قانۇنلۇق ھەق-ھوقۇقلىرىنى قوغداش، مۇتلەق بولغان ھايۋانىي

ئەركىنلىكتىن ئايرىپ دىننىڭ قائىدىسى بىلەن تەرتىپكە سېلىنغان ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بۇلۇشتا باراۋەر، بۇگۈنكى كۈندىكى مەدەنىيلەشكەن دۇنيا بۇ هايۋانىيلارچە بولغان مۇتلەق ئەركىنلىكنىڭ ئاچچىق نەتىجىلىرىنىڭ تەمىنى تېتىۋاتىدۇ، بۇ ئاچچىق نەتىجىلەر رەزىللىكنىڭ تارقىلىشى سەۋەپلىك كۆپ قىسمى دادىلىرىنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىغان شەخسلەر ئارقىلىق ۋەيران بۇلۇش ۋە يىمىرىلىشكە باشلىغان جەمئىيەتلەرنى ۋە ئەخلاقىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ جىنايەتچىلىرىگە توشۇپ كەتكەن تۈرمىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ئى ئىنسانلار بىلىڭلاركى ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار بىردۇر، ئاتاڭلار بىردۇر، بىلىڭلاركى ئەرەپلەرنىڭ ئەجەملەردىن ئەجەملەرنىڭ ئەرەپلەردىن، ئاق تەنلىكنىڭ قارا تەنلىكتىن قارا تەنلىكنىڭ ئاق تەنلىكتىن تەقۋالىقتىن باشقا نەرسە بىلەن ئارتۇقچىلىقى بولمايدۇ. بارلىق ئىنسانلار شەرىئەت ھۆكۈملىرى ئالدىدا باراۋەر بولۇپ جىنس، ئىرق ۋە ياكى رەڭ سەۋەپلىك ئايرىلمايدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**إِنَّ اللّهَ يَأْمُرُكُمْ أَن تُؤدُّواْ الأَمَانَاتِ إِلَى أَهْلِهَا وَإِذَا حَكَمْتُم بَيْنَ النَّاسِ أَن تَحْكُمُواْ بِالْعَدْلِ إِنَّ اللّهَ نِعِمَّا يَعِظُكُم بِهِ إِنَّ اللّهَ كَانَ سَمِيعًا بَصِيرًا**

شۈبھىسىزكى، الله سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، الله سىلەرگە نەسىھەت قىلغان ئىشلار نېمىدېگەن ياخشى، الله ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر.

سۈرە نىسا ٥٨- ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ئى ئىنسانلار سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەرنى ئارىسىدا يۇزلۇك ئادەملەر ئوغۇرلۇق قىلسا گەپ قىلىشماي ئاجىز بىچارىلەر ئوغرىلىق قىلسا جازا يۈرگۈزۈشلىرى ھالاك قىلىۋەتكەن، ئەگەر مۇھەممەدنىڭ قىزى پاتىمە ئوغۇرلۇق قىلغان تەقدىردىمۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قۇلىنى كېسىمەن.

شۇنىڭدەك ئۇلار يەنە مەسئۇلىيەت، جازا ۋە ساۋاپتىمۇ باراۋەر بۇلۇدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

فَمَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُ، وَمَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَهُ

كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ، كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.

سۈرە زەلزەلە ٧-٨- ئايەت

ئىنسانىي ھۆرمەتنىڭ ھەق – ھوقۇقلىرىدىمۇ باراۋەر بۇلۇپ بىراۋ رەڭگى، جىنسى، مەزھىبى، ياكى ئەقىيدىسى سەۋەپلىك ئەزىيەت بىرىلمەيدۇ، بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَلاَ تَسُبُّواْ الَّذِينَ يَدْعُونَ مِن دُونِ اللّهِ فَيَسُبُّواْ اللّهَ عَدْوًا بِغَيْرِ عِلْمٍ كَذَلِكَ زَيَّنَّا لِكُلِّ أُمَّةٍ عَمَلَهُمْ ثُمَّ إِلَى رَبِّهِم مَّرْجِعُهُمْ فَيُنَبِّئُهُم بِمَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ

مۇشرىكلارنىڭ خۇدانى قويۇپ ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىنى تىللىماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۇلار بىلمىگەنلىكلىرىدىن ھەددىدىن ئېشىپ الله نى تىللايدۇ. شۇنىڭدەك بىز ھەر ئۇممەتكە ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىنى چىرايلىق كۆرسەتتۇق، ئاندىن ئۇلارنىڭ قايتىپ بارىدىغان جايى الله نىڭ دەرگاھىدۇر، الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىدۇ (يەنى ياخشىغا مۇكاپات بېرىدۇ، يامانىنى جازالايدۇ.)

سۈرە ئەنئام ١٠٨- ئايەت

قانلىرى، ماللىرى ۋە يۈز _ ئابرۇيىنىڭ ھاراملىقىدىمۇ باراۋەر بۇلۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قانلىرىڭلار، ماللىرىڭلار، (يەنى بىر _ بىرىڭلارنىڭ قېنىنى تۆكۈش، مال _ مۈلكىنى ئېلىۋېلىش) خۇددى مۇشۇ شەھرىڭلار مەككە، مۇشۇ ئېيىڭلار، مۇشۇ كۈنۈڭلار سىلەرگە ھارام بولغىنىدەك ھارامدۇر، (بۇ كۈننىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىش ھارام بولۋاندەك ھارامدۇر). بۇ يەردە بارلىرىڭلار يوقلارغا يەتكۈزۈپ قويسۇن، چۈنكى بۇ يەردە بار كىشى ئۆزىدىنمۇ بەكراق ئېسىدە تۇتتۇالالايدىغان كىشىگە يەتكۈزىشى مۇمكىن.»

كىشىلەر لاياقەتلىك بولۇش، ئۆلچەملىك بولۇش، باراۋەر بولۇش ئۈستىگە قۇرۇلغان جەمئىيەتتىكى رەھبەرلىككە ئىگە بولۇشتا باراۋەر.

ئەدىبىلكىندي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: « ئەي ئىنسانلار سىلەر قايسى بىر كىشى بىزنىڭ بىرەر خىزمىتىمىزگە ئورۇنلاشتۇرۇلسا ئاندىن ئۇ ئەمىلىدىن بىزگە يىڭنە چاغلىق ياكى ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەنرەك بىرەر نەرسىنى يۇشۇرسا، ئۇ خىيانەتچى بولۇپ قىيامەت كۈنى ئۇنى ئېلىپ كېلىدۇ ».

ئاندىن ئەنسارىلاردىن قارا بىر كىشى _ ھېلىمۇ ئىسمىدە _ ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئى رەسۇلۇللاھ مېنى خىزمىتىمدىن توختىتىۋەتسىلە!

_ نېمىشقا؟

_ مەن سىلىنىڭ بۇ ھەققتە دىگەن سۆزلىرىڭنى ئاڭلىدىم.

_ مەن ھېلىھەم شۇنداق دەيمەنكى بىز قايسى بىر كىشىنى بىرەر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرساق، ئۇ ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ھەممىنى ئېلىپ كىلىشى كېرەك، بىرلىگىننى ئېلىپ چەكلەنگەنلىردىن توختىشى لازىم.

_ كىشىلەر ئاللاھ بۇ كائىناتقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان بايلىقلاردىن پايدىلىنىشتا باراۋەردۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەققتە مۇنداق دەيدۇ:

**يَا أَيُّهَا النَّاسُ كُلُواْ مِمَّا فِي الأَرْضِ حَلاَلاً طَيِّباً وَلاَ تَتَّبِعُواْ خُطُوَاتِ الشَّيْطَانِ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ [١٦٨]**

« ئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدىكى ھالال _ پاكىز نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار، چۈنكى شەيتان سىلەرگە ئۇچۇق دۈشمەندۇر »

سۈرە بەقەرە ١٦٨ _ ئايەت

يەنە شۇنىڭدەك ئۇلار ئاللاھقا شىرىكسىز يالغۇز ھالەتتە ئىبادەت قىلىشتا باراۋەر بولۇپ ئىسلام رەڭلىرى، جىنسلىرى، ئىرىقلىرى ئوخشاش بولمىغان بارچە

ئىنسانلارغا چۈشكەن، چۈنكى ھەممىسى ئاللاھنىڭ بەندىسىدۇر.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

يَا أَيُّهَا النَّاسُ اعْبُدُواْ رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُمْ وَالَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ [٢١]

« ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلار (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر) نى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار»

سۈرە بەقەرە ٢١ _ ئايەت

بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى يېرگىننىشلىك ئىرقچىلىقنى سۆرەپ كىلىدىغان

ياكى ئۇنى ئەسلىتىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى بىكار قىلغان ھالدا كەلگەن.

ۋاسىلە ئىبنى ئەسقەئىدىن رىۋايەت قىلىنغانكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئەسەبىيەت دىگەن نىمە؟ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «زۇلۇم ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان قەۋمىڭگە ياردەم بېرىشتۇر » دەپ جاۋاپ بەردى.

دىمەك دوست تۇتۇش ياكى ئادا جۇدا بۇلۇش مىللەتچىلىك سەۋەبىدىن بولماستىن

بەلكى دىن ئۈچۈن بولىدۇ. ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: « قانداق بىر كىشى نامەلۇم بايراق ئاستىدا ئەسەبىيەتلىك (مەزھەپچ

بلىك) قىلىپ ئۇرۇشقان، ئەسەبىيەتلىك قىلىپ غەزەپ قىلغان بولسا، جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ. يەنى (ئازغۇنلۇق ئۈستىدە ئۆلگەن بولىدۇ).

دىمەك ئىسلامدىكى ئۆلچەم تېگى تەكتىنىڭ ئېسىل بۇلىشى ۋە ياكى نەسەب ئەمەس، ئەلۋەتتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇملۇق سۈھەيبكە، پارىسلىق سەلمانغا، ھەبەشىستانلىق بىلالغا ئۇلارنىڭ جەننەت ئەھلىدىن ئىكەنلىكىنى بېشارەت بەرگۈزگىدەك دەرىجىدە دوستلۇق ئىزھار قىلغان.

ھالبۇكى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاغىسى ئەبۇلەھەبكە ئۆچمەنلىك، يامان كۆرۈش ۋە ئاداۋەت ئىزھار قىلغان ئىدى. بۇ كىشى ھەققىدە قاتتىق ئازاپ بىلەن تەھدىت سالغان ھالدا قىيامەت كۈنىگىچە تىلاۋەت قىلىندىغان قۇرئان نازىل بولغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**فِي جِيدِهَا حَبْلٌ مِّن مَّسَدٍ [٥]**

« ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! (ئەمەلدە) قۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا مال _ مۈلكى ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى. ئۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئوتۇن توشۇغۇچى (يەنى سۆخەنچى) خوتۇنىمۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ. ئۇنىڭ بوينىدا مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بولىدۇ».

سۈرە مەسەد ٥ ئايەت

بىز بارلىق ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن، مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى دەستۇرى بولغان قۇرئان كەرىمدە ھەبەشىستانلىق قارا قۇل بولغان لوقمان ھەكىمنىڭ نامىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ كىشىگە ئاللا ھېكمەت ئاتا قىلغان ۋە بۇ كىشىنى ماختاپ، پەزىلىتىنى بايان قىلىپ تولۇق بىر سۈرە چۈشۈرگەن.

ئۇنىڭدىن سىرت نۇھ، ئىبراھىم، ئال ئىمران، مەريەم، يۈسۈپ، يۇنۇس ۋە مۇھەممەدلەرگە ئوخشاش بەزى پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ ۋە پاك سىددىقلارنىڭ ناملىرى بىلەن ئاتالغان

نۇرغۇن قۇرئان سۈرىلىرى بار. بۇ پەقەت مۇسۇلمانلار قەلبىدە بارلىق ئىنسانلار
ئارىسىدىكى باراۋەرلىك پىرىنسىپىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۇنىڭ ئۇلارنىڭ زېھنىدا
داۋاملىق ھازىر بولۇش ئۈچۈندۇر.

ھەبەشىستان بولسا ئافرىقىلىقلارنىڭ زېمىنى بولۇپ ئۇنىڭ كۆپ قىسىم ئاھالىسى قا
راتەنلىك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى تۇنجى دەۋەت باسقۇچىدا قۇرەي
شلەر ئۇلارغا ئەزىيەت بەرگەن ۋە زۇلۇم قىلغان ۋاقتىدا شۇ يەرگە ھىجرەت قىلد
شقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: « ھەقىقەتەن ھەبەشىستان زېمىنىدا ھېچكىمگە زۇل
ۇم قىلمايدىغان بىر پادىشاھ بار، سىلەر ئاللاھ قىيىنچىلىقلىرىڭلارغا چىقىش يولى بە
رگەن، ئۇنى كۆتۈرۈۋەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭ دۆلىتىگە بېرىڭلار ».

ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشى ۋاپات بولغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ئۇنىڭ
ڭ نامىزىنى ئوقۇڭلار » دېگەن.

ساھابىلار: ئى رەسۇلۇللاھ ھەبەشىستانلىق قۇلنىڭ نامىزىنى ئوقۇمدۇق؟!! دەپ سى
ورىغاندا ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە بۇ ئاياتنى نازىل قىلغان:

**وَإِنَّ مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ لَمَن يُؤْمِنُ بِاللّهِ وَمَا أُنزِلَ إِلَيْكُمْ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيْهِمْ خَاشِعِينَ لِلّهِ لاَ
يَشْتَرُونَ بِآيَاتِ اللّهِ ثَمَنًا قَلِيلاً أُوْلَئِكَ لَهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ إِنَّ اللّهَ سَرِيعُ الْحِسَابِ.**

ئەھلى كىتاب ئارىسىدا ھەقىقەتەن ﷲ قا ئىمان كەلتۈرىدىغان، سىلەرگە نازىل بولغ
ان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا)، ئۆزلىرىگە نازىل بولغان كىتابقا (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىشىنىدىغانلار بار؛ ئۇلار ﷲ تىن قورقىدۇ، ﷲ نىڭ ئايەتلىرىنى ئازغىنا بە
دەلگە تېگىشمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ
سۈپەتلىرى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى، راھىبلارغا ئوخشاش، دۇنيانىڭ ئەرزىمە
س نەرسىلىرىنى دەپ ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ)، ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا
ساۋاب بېرىلىدۇ. ﷲ ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر .

سۈرە ئال ئىمران ١٩٩ _ ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:« قىرىندىشىڭلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلا » دىگەن ، ئاندىن ئۇلار بىلەن نامازگاھدا سەپ تۈزۈپ تۆت تەكبىر بىلەن ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقىغان.

ئىسلامدىكى باراۋەرلىككە دەۋەت قىلىش پىرىنسىپى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ساھابىلىرى ئارىسىدا ئىشلىتىپ قويىدىغان قۇرۇق سۆز ياكى ئارزۇ _ ئارمانلار بولماستىن بەلكى ئۇنى ئەمەلىي رەۋىشتە تەتبىقلىغان.

مانا بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئازاتگەردىسى ۋە ئازادگەردىسىنىڭ قاپقارا، پاناق بۇرۇن ئوغلى ئۇسامە ئىبنى زەيدكە قاراش!

ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنى ۋە قىزى پاتىمەنىڭ ئوغلى ھەسەننى قۇچىقىغا ئېلىپ: « ئى ئاللاھ بۇ ئىككىسىنى ياخشى كۆرگىن! چۈنكى مەن ئۇ ئىككىسىنى ياخشى كۆرىمەن دەيتتى ». پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئايالى ئائىشە ئانىمىز رەسۇلۇللاھنىڭ:« كىم ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنى ياخشى كۆرسە، ئۇسامەنى ياخشى كۆرسۇن! » دىگەن سۆزىنى ئاڭلىغىنىمدىن كېيىن، بىراۋنىڭ ئۇسامەنى ئۆچ كۆرۈشى لايىق ئەمەس دەيتتى. ۋە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:« كىم مېنى ياخشى كۆرسە، ئۇسامەنى ياخشى كۆرسۇن! » دىگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام سۆزىگە ئەمەلىيتىنى ئەگەشتۈرۈپ قىلاتتى. ئائىشە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇسامەنىڭ ماڭقىسىنى سۈرتۈپ قويماقچى بولغىنىدا، قويسىلا مەن سۈرتۈپ قوياي دېدىم. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېدى:

« ئى ئائىشە ئۇنى ياخشى كۆرگىن! چۈنكى مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن ».

بەلكى ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئازات قىلىنغان قارا تەنلىك بىر كىشى تۇرۇقلۇق، رۇملۇقلارغا قارشى ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلار قوشىنىغا قوماندان قىلىپ قويدى ۋە چوڭ _ كاتتا ساھابىلار بار قوشۇنلارغا ئەمىر قىلىپ قويدى .

ئاندىن بەزى ساھابىلەر (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) خۇددى ئۇسامەگە بۇ ئىد
شنى كۆپ بوپ كەتتى دە قارىغاندەك بۇ ھەقتە گەپ _ سۆز قىلىشتى. پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام بۇنى بىلگىنىدە مۇنبەرگە چىقىپ ئاللاھقا ھەمدۇ _ سانا ئېيتىپ مۇ
نداق دېدى:« ئەگەر سىلەر ئۇنىڭ ئەمىرلىكى ھەققىدە تەنە قىلىشقان بولساڭلار، ھ
ەقىقەتەن سىلەر بۇرۇن ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئەمىرلىكىدىمۇ تەنە قىلىشقان ئىدىڭلار. ئال
لاھ بىلەن قەسەمكى! ھەقىقەتەن ئۇ ئەمىر بولۇشقا ئەرزىيدىغان، شۇنىڭغا لايىق ك
ىشى. ھەقىقەتەن ئۇسامەنىڭ دادىسى زەيد ئىبنى ھارىس ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىد
ەرنىڭ قاتارىدىن، ئۇنىڭ ئوغلىمۇ دادىسىدىن كېيىن ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر
دىن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇسامەنىڭ قوشۇنى رۇملۇقلارغا قارشى ئۇرۇشقا يولغ
ا چىقىشتى بۇرۇن ۋاپات بولغان بولۇپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم
دىن كېيىن خەلىپىلىكنى ئەبۇبەكرى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) قولىغا ئالدى
. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ۋەسىيتىنى ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇردى.

ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئەنسارىلار بۇ قوشۇنغا ياش جەھەتتە ئۇ
سامەدىن چوراق بىرسى قوماندان بولغان بولسا دەپ قارايدىكەن دېۋىدى، ئەبۇبەك
رى: ئى خەتتابنىڭ ئوغلى (ئۆمەرنى دېمەكچى) ئۆلگۈر ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھ
ىسسالام بەلگىلىگەن تۇرسا، سەن ئۇنى قالدۇرۇۋېتىشقا بۇيرىۋاتامسەن؟!! ئەگەر م
ەن ئۆزۈمنى يىرتقۇچ ھايۋانلار بولاپ قاچىدۇ دەپ ئويلىغان تەقدىردىمۇ ئەلۋەتتە
ئۇسامەنىڭ قوشۇنىنى ماڭغۇزىمەن دەپ غەزەپلەنگەن ئىدى.

مانا بۇ ياش قارا تەنلىك قوماندان ئۇسامە مەدىنە مۇنەۋۋەردىن قوشۇنلىرىنى باش
لاپ يولغا چىقىدۇ، ئەبۇبەكرى ئۇنى ئۇزۇتۇپ بىرگە چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئۇسامە ئ
ېتىغا مىنىۋالغان ئىدى. قارىسا ئەبۇبەكرى ئۇنىڭ يېنىدا پىيادە مېڭىۋاتقان، ئۇسام
ە بۇ خىل ھالەتتىن ھايا قىلىپ ئەبۇبەكرىگە:

ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ خەلىپىسى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! چوقۇم سەنمۇ ئۇلاغ
قا مىنىسەن ياكى بولمىسا مەن ئۇلاغدىن چۈشىمەن دەيدۇ. ئەبۇبەكرى: ئاللاھ بىلە
ن قەسەمكى! سەن چۈشمەيسەن مەنمۇ مىنمەيمەن. مەن پۇتلىرىمنى ئاللاھ يولىدا
بىرەر سائەت توپىغا مىلىسەم نېمە بوپتۇ؟!! دەيدۇ.

ئاندىن ئەبۇبەكرى ئۇسامەدىن (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) ئۆمەر رەزىيەللا ھۇنىڭ ھۆكۈم ئىشلىرىدا ئۆزىگە ياردەملىشىشى ئۈچۈن مەدىنىدە قېلىپ قېلىشىغا رۇخسەت سورايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇبەكرى قوماندان قانچىلىك كىچىك بۇلىشىدىن قەتئىينەزەر رۇخسەت سوراش ھەققىدە ئەڭ كاتتا بىر ئۈلگىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باراۋەرلىك پىرىنسىپىنى تەتبىقلاشتا ئۆز شەخسىيتىدىن باشلىغان، ئېنىقكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەۋمى ئارىسىدا ئەڭ ئېسىل نەسەپلىك، ئەڭ شەرەپلىك جەمەتتىن ئىدى. قەبىلىسى بولسا ئەرەپلەر ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى قەبىلىدىن بولۇپ بۇنىڭ ھېچكىم تالاش _ تارتىش قىلىپ ئولتۇرمايدىغان مەرتىۋىسى بار ئىدى.

شۇنداق تۇرۇقلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: « سىلەر مېنى ناسارالار مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسانى ماختاپ كۆككە كۆتۈۋەتكەندەك كۆككە كۆتۈرۋەتمەڭلار،شەكسىزكى مەن بىر قۇل، ئۇنداق بولغان ئىكەن سىلەر مېنى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەڭلار ».

بەلكى رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەرتىۋە، نەسەب ۋە شەرەپ جەھەتلەردە مۇشۇنداق كاتتا ئورۇندا تۇرۇپمۇ ھاممىسىنىڭ قىزى زەينەپ بىنتى جەھشنى ئازاتگەردىسى بولغان زەيدكە ياتلىق قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈچى يەتكەن بارلىق ئىشلارنى ئۆزى قىلاتتى. بۇنداق قىلىش ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مۇشۇنىڭدەك ئېسىل پىرىنسىپلىرىنى ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ قەلبىگە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىدى.

مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزۈتۈش، ئۇلارنى ئايرىپ قويماستىن ھال _ ئەھۋالىنى سوراپ تۇرۇش بىلەن بولاتتى.

ئەبۇھۇرەيرە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دەيدۇ: مەسجىدنى سۈپۈرۈپ تازىلايدىغان بىر قارا تەنلىك ئايال ياكى بىر ياش بالا بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرمىدى، ئاندىن ئۇ ئايال ياكى ئۇ بالا توغرۇلۇق سورىدى. ساھابىلەر ئۇ ۋاپات بولۇپ كەتتى دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا خەۋەر قىلما

اپسلەرغۇ دېدى. (ساھابىلەر ئۇ بالا ياكى ئايالنىڭ ئىشىنى كىچىك ساناشقاندەك قىلاتتى) رەسۇلۇللاھ مېنى ئۇنىڭ قەبرىسىگە باشلاپ بېرىڭلار دېدى.

ساھابىلەر باشلاپ ئېلىپ باردى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى ۋە مۇنداق دېدى: «ھەقىقەتەن بۇ قەبرىلەر قاراڭغۇلۇققا توشۇپ كەتكەن ئىكەن، شەكسىزكى ئاللاھ تائالا بۇ قەبرىلەرنى مېنىڭ ناماز ئوقۇغانلىقىم سەۋەبلىك نۇرلاندۇرىۋېتىدۇ». بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سوۋغا _ سالاملىرىدا رەڭ ياكى جىنس بويىچە ئايرىماستىن ئۆزىنى دۇنيادىن يىراق تۇتۇپ ئۆزىنەپسىدىن باشقىلارنى يۇقىرى بىلەتتى.

ھەكىم ئىبنى ھىزام مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جاھىلىيەت دەۋرىدە ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەردىن ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر بولۇپ ئاشكارا بولغان ۋە مەدىنىگە بارغان ۋاقتىدا ھەكىم ئىبنى ھىزام بازارغا چىقىپ زىيەزىننىڭ (قەدىمقى يەمەن پادىشاھلىرىنىڭ بىرى) ئەللىك دەرھەمگە سېتىلىدىغان بىر تونىنى ئۇچىرتىپ قېلىپ رەسۇلۇللاھقا ھەدىيە قىلىش ئۈچۈن سېتىۋالدى، ئاندىن ئۇنى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى.

ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ توننى ھەدىيە سۈپىتىدە ئېلىشىنى مەقسەت قىلغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئالغىلى ئۇنىمىدى.

(ئۇبەيدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھنى بىز مۇشرىكلاردىن بىر نەرسە قوبۇل قىلمايمىز لېكىن پۇلغا سېتىۋالىمىز دېدىمىكىن دەپ ئويلايمەن) ئاندىن مەن ئۇنى پۇلغا سېتىپ بەردىم. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە ئۇ توننى كېيىپتۇ. مەن ئۇنى رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنبەر ئۈستىدە كەيگەن ھالىتىنى كۆردۈم. مەن شۇ كۆنلەردە رەسۇلۇللاھنىڭ شۇ توننى كەيگەن ھالىتىدىن گۈزەلراق بىر شەيئىنى قەتئىي كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. كېيىنچە رەسۇلۇللاھ ئۇ توننى ئۇسامە ئىبنى زەيدقا بەرگەن ئىكەن. ئاندىن ئۇنى ھەكىم ئۇنى ئۇسامەنىڭ ئۈستىدە كۆرۈپ، ئى ئۇسامە سەن زىيەزىننىڭ توننى كىيىۋاتامسەن؟!! دەپتۇ.

ئۇسامە: ھەئە. ئەلۋەتتە مەن زىيەزىندىن ياخشى مېنىڭ دادام ئۇنىڭ دادىسىدىن، ئانام ئۇنىڭ ئانىسىدىن ياخشى دەپتۇ.

ئۇسامەنى بۇ گەپنى دېگۈزگەن زادى نېمە؟

شەكسىزكى ئۇ ئىسلامدۇر. ئىسلام بارلىق كىشلەرنىڭ ئارىسىنى جىنسى ياكى رەڭ
گىگە قارىماستىن باراۋەر قىلغان. ئۇلارغا ھەق _ ھوقۇقلىرىنى بەرگەن. مانا بۇ
ھەقلەر ئىچىدە قەلبىدىكىنى ئىپادىلەش ھەققى بار بولۇپ، ئۇلار ئىلگىرى ئۇنىڭدىن
مەھرۇم ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن بىرگە ئولتۇراتتى، ئۇلار بىلەن پاراڭلى
شاتتى، چاقچاقلىشاتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ دەرتلىرىنى ئاڭلايتتى. ئىس
لام تەلىماتىغا قارشى كەلگەن گەپ _ سۆز، ئىش _ پائالىيەتلىرىنى تۈزەپ قوياتت
ى. بولۇپمۇ باشقىلارنى تۆۋەن كۆرۈش، ھاقارەتلەش بولىدىغان ئىشلاردا شۇنداق
ئىدى.

مەئرۇر ئىبنى سۇۋەيد مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇزەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولس
ۇن) بىلەن رەزە دېگەن جايدا ئۇچراشتىم ۋە ھالبۇكى ئۇنىڭ ئۈستىدىمۇ بىر تون،
خىزمەتكارىنىڭ ئۈستىدىمۇ بىر تون تۇرىدۇ (يەنى خىزمەتكارى بىلەن ئوخشاش ك
ىيىۋاپتۇ). مەن بۇنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا سورىدىم. چۈنكى بۇ شۇ ۋاقىتتىكى كىشل
ەرنىڭ ئادىتىگە خىلاپ ئىش ئىدى.

ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاپ بەردى: مەن بىر ئادەم بىلەن تىللىشىپ قالغان ئىدىم، ئاندىن
ئۇ كىشىنى ئانىسى سەۋەپلىك ئەيىپلىدىم، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ماڭا مۇنداق دېدى: «
ئى ئەبۇ زەر! سەن ئۇنى ئانىسى سەۋەپلىك ئەيىپلەۋاتامسەن؟ ھەقىقەتەن سەن جا
ھىلىيەت سۈپەتلىرى بار ئادەم ئىكەنسەن، قېرىنداشلىرىڭلار سىلەرنىڭ خىزمەتچىڭلا
ر ۋە قۇلۇڭلاردۇر. ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرنىڭ قول ئاستىڭلاردا قىلدى. قانداق كىش
ىنىڭ قېرىندىشى ئۇنىڭ قول ئاستىدا بولسا، ئۇنىڭغا ئۆزى يېگەننى يېگۈزسۇن، ئ
ۆزى كەيگەنگە ئوخشاش كەيگۈزسۇن! سىلەر ئۇلارغا قىلىپ بولالمايدىغان ئىش
لارنى بۇيرىماڭلار، ئەگەر بۇيرۇپ قالساڭلار ئۇلارغا ياردەم بېرىڭلار!».

مانا بۇ ھەبەشىستانلىق قارا تەنلىك قۇل بىلال ئىبنى رەباھ بولۇپ بۇنىڭ ئىسلامدا ئ
ېرىشكەن يۈكسەك مەرتىۋىسى، يۇقىرى ئورنى پەقەت ئۇنىڭ كەمتەرلىكىنى، ھە
ق ئىگىلىرىنىڭ ھەققىنى تۇنۇشتىن باشقىنى زىيادە قىلالمايتتى.

كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ پەزىلىتى ۋە ئاللاھ ئۇنىڭغا نېسىپ قىلغان يا
خشىلىقلارنى سۆزلىشەتتى. ئۇ بۇ ماختاشلارنى ئاڭلاپلا ئۆز نەپسىگە ھەققىنى تو
نۇتۇپ قويۇش ۋە ئۇنى مەغرۇرلىنىپ كېتىشتىن، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ قېلىشتىد
ن توسۇش ئۈچۈن ياشلىرى مەڭزىگە سىرغىپ چۈشكەن ھالدا: مەن تېخى تۆنۆ
گۈن ھەبەشىستانلىق بىر قۇل ئەمەسمىدىم؟!!دەيتتى.

ئۇنىڭغا بەزى كىشىلەرنىڭ ئۇنى رەسۇلۇللاھدىن كېيىنكى تۈنجى خەلىپە ۋە پەيغ
ەمبەرلەردىن كېيىنكى مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان ئەبۇبەكرىدىن (ئال
لاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئارتۇق كۆرۈشكەنلىك خەۋىرى يەتكەن ۋاقتىدا، ئۇ
مۇنداق دىگەن: سىلەر مېنى قانداقمۇ ئۇنىڭدىن ئارتۇق كۆرىسىلەر؟!! مەن پەقە
ت ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن بىر ياخشىلىقى بولىمەن.

بۇ كىشى كەبىگە كىرىپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى بۇتلارغا: شەكسىزكى سىلەرگە ئىبادەت
قىلغان كىشىلەر مەغلۇپ بولىدۇ ۋە زىيان تارتىدۇ دىگەن ھالدا ئۇلارغا تۈكۈرگە
ن كىشىدۇر.

بۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ جەننەت ئەھلىدىن ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلى
ق بەرگەن كىشى بولۇپ، بىر كۈنى بامدات ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ئ
ى بىلال! ماڭا ئىسلامدا ئاللاھنىڭ ساۋابىنى ئەڭ بەك ئۈمىد قىلىپ قىلغان ئەڭ كۆ
پ ئەمەلىڭنى ئېيتىپ بەرگىن، چۈنكى مەن جەننەتتە سېنىڭ ئالدىمدا مېڭىۋاتقان
ئاياق تىۋىشىڭنى ئاڭلىدىم » دېگەندە بىلال: مەن كېچە ياكى كۈندۈزنىڭ بىرەر ۋاقت
ىدا تاھارەت ئالساملا، شۇ تاھارىتىم بىلەن ماڭا ئوقۇش تەقدىر قىلىنغان

مەلۇم نامازلارنى ئوقۇشتىن باشقا ئەڭ بەك ساۋاپ ئۈمىد قىلىدىغان بىرەر ئەمەل
ى قىلغىنىم يوق دىگەن.

بۇ كىشى ئاللاھ ئۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش بۇزەك قىلىنغانلار ھەققىدە قىيامەتكىچە تى
لاۋەت قىلىنىدىغان قۇرئان چۈشۈرگەن زاتتۇر. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى قۇرەيش كاتى
تىۋاشلىرى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەبەشىستانلىق بىلال، پارىسلىق سەلمان، رۇ
ملۇق سۇھەيب ۋە ئۇندىن باشقا ئىبنى ئۇممۇ ئەبدى، ئەممار، خەبباب قاتارلىق ئا
جىز مۇئمىنلەر بىلەن بىرگە ئولتۇرغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشتى. ئۇلار رە

سۇلۇللاھنىڭ يېنىدا بۇ مۇئمىنلەرنى كۆرۈپ ئۇلارنى تۆۋەن كۆرۈشىپ رەسۇلۇ
للاھنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: بىز ئەرەپلەر ئارتۇقچىلىقىمىز بىلىنگۈدەك ب
ىزگە خاس بىر سورۇن قىلىشىڭنى ياخشى كۆرىمىز، چۈنكى ئەرەپلەرنىڭ ئەلچىلىد
رى يېنىڭغا كېلىپ تۇرىدىكەن، بىز ئەرەپلەرنىڭ بىزنى بۇ قۇللار بىلەن بىرگە ت
ۇرغانلىقىمىزنى كۆرۈپ قېلىشتىن نومۇس قىلىدىكەنمىز. بىز قېشىڭغا كەلگەن ۋ
اقتىمىزدا ئۇلارنى قوپۇرۇۋەتكىن، بىز كەتكەندە ئۇلار بىلەن خالىغانچە ئولتۇرىۋال
.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « بولىدۇ » دەپ جاۋاپ بەردى. ئۇلارئۇنداقتا بۇ ھەقت
ە ھۆججەت يېزىپ بەرگىن دېدى.

بۇ ۋەقەلىكنى رىۋايەت قىلغۇچى دەيدۇكى: پەيغەمبەر ئەليھىسسالام قەغەز ئەكېلد
ىشكە بۇيرۇپ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يېزىشقا چاقىردى. (پەيغەمبەر ئەلەيھ
ىسسالام بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قەلبىنى مايىل قىلماقچى ۋە كۆندۈرمەكچى ئىدى. چ
ۈنكى بۇنداق بولغاندا ئىسلام ۋە ئىسلام ئەھلى كۈچەيگەن بولاتتى لېكىن ئىسلام
شەرىئىتىدە بۇنداق قىلىشنىڭ ئورنى يوق بولۇپ پىرىنسىپ دېگەن پىرىنسىپ، قىمم
ەت دېگەن قىممەت ئىدى).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق ۋەھيي چۈشتى:

**وَإِذَا جَاءكَ الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِآيَاتِنَا فَقُلْ سَلاَمٌ عَلَيْكُمْ كَتَبَ رَبُّكُمْ عَلَى نَفْسِهِ الرَّحْمَةَ أَنَّهُ مَن عَمِلَ مِنكُمْ سُوءًا بِجَهَالَةٍ ثُمَّ تَابَ مِن بَعْدِهِ وَأَصْلَحَ فَأَنَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ [٥٤]**

الله نىڭ رازىلىقىنى دەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغانلا
رنى (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن، ئۇلارنىڭ ھېسابىدىن ساڭا ھېچ نەرسە يۈكلەن
مەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۈچۈن سەن جاۋابكارلىققا تارتىلمايسەن). س
ېنىڭ ھېسابىڭدىنمۇ ئۇلارغا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ، ئۇلارنى قوغلىۋەتسەڭ،
زالىملاردىن بولۇپ قالىسەن ، ئۇلارنىڭ: «الله ئارىمىزدىن (ھىدايەت قىلىش بىلەن
) ئىنئام قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمۇ؟» دېيىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى بىر - بىرى ب
ىلەن مۇشۇنداق سىنىدۇق (يەنى پېقىر، ئاجىز كىشىلەرنى ئىمان ئېيتقۇزۇش بىلە
ن، باي، چوڭ كىشىلەرنى سىنىدۇق). الله شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ ئە
مەسمۇ؟ (يەنى شۈكۈر قىلغۇچىلارنى الله ھىدايەت قىلىدۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئ
ىمان ئېيتقانلار يېنىڭغا كەلگەن چاغدا: «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، پەرۋەردىگ

اريڭلار (بەندىلىرىگە) رەھمەت قىلىشنى (ئىھسان قىلىش يۈزىسىدىن) ئۆز ئۈستىدە ئالدى، سىلەردىن كىمكى بىلمەستىن بىرەر يامانلىق قىلىپ قويۇپ، ئاندىن كېيىن تەۋبە قىلسا ۋە (ئەمەلىنى) تۈزىسە، الله ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە رەھىم قىلغۇچىدۇر» دېگەن.

## سۈرە ئەنئام ٥٢ _ ٥٤ ئايەتلەر

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىدىكى ۋاراقنى تاشلىۋېتىپ بىزنى چاقىردى. بىز كەلدۇق ۋە ھالبۇكى رەسۇلۇللاھ: « سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! پەرۋەردىگارىڭلار بەندىلىرىگە رەھمەت قىلىشنى (ئىھسان قىلىش يۈزىسىدىن) ئۆز ئۈستىگە ئالدى » دەۋاتقان ئىكەن. بىز ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇراتتۇق، تۇرۇپ كەتمەكچى بولسا بىزنى قالدۇرۇپ كېتىپ قالاتتى، ئاندىن ئاللاھ مۇنۇ ئايەتنى چۈشۈردى:

**وَاصْبِرْ نَفْسَكَ مَعَ الَّذِينَ يَدْعُونَ رَبَّهُم بِالْغَدَاةِ وَالْعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجْهَهُ وَلَا تَعْدُ عَيْنَاكَ عَنْهُمْ تُرِيدُ زِينَةَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَلَا تُطِعْ مَنْ أَغْفَلْنَا قَلْبَهُ عَن ذِكْرِنَا وَاتَّبَعَ هَوَاهُ وَكَانَ أَمْرُهُ فُرُطًا [٢٨]**

سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن - ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار(يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان بىللە بولغىن، ھاياتىي دۇنيانىڭ زىبۇزىننىتىنى (يەنى مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆھبىتىنى) دەپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن، بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزى) گە ئەگەشمىگىن .

ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىز بىلەن بىرگە ئولتۇراتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇرۇپ كېتىدىغان ۋاقىت كەلگەندە بىز بۇرۇن تۇرۇپ ئۇنى قالدۇرۇپ قوياتتۇق، ئاندىن ئۇ تۇراتتى.

تېخى تۇنۇگۇن قۇل بولۇپ مانا بۈگۈن ئىسلامى بىلەن يولباشچىغا ئايلانغان بىلال كىم؟

بىز ئۇنىڭ قىسسىسىنى خالىد مۇھەممەد خالىدنىڭ يازمىسىدىن ئاڭلايلى! ئۇ مۇنداق
دەيدۇ: مانا بۇ كىشى (بىلال ئىبنى رەباھ) ئىسلامدىكى تۇنجى مۇئەززىن، ھەق نىد
اسىنى ئاشكارا قىلغۇچى ۋە باتىل بۇتلارنى چېقىپ تاشلىغۇچى بىلالدۇر.

پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھىس _ تۇيغۇ، قەلبلىر
ىدە ئورۇن ئالغان بىلالنى كىممۇ تونۇمىسۇن؟!

ئىسلام باشلانغاندىن ھازىرغا قەدەر ۋە ئاللاھ خالىغان ۋاقىتقىچە ئاز دىگەندىمۇ ھە
ر ئون ئادەمنىڭ يەتتىسىنىڭ بىلالنى بىلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. يەنى ئەسىرلار بويى
ۋە ئەۋلادلار داۋامىدا ئىسلامدىكى كاتتا ئىككى خەلىپە ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرن
ى (ئاللاھ ئۇ ئىككىسىدىن رازى بولسۇن) تونۇپ يەتكەن نەچچە يۈز مىليون كىشىل
ەر بار.

مەسىلەن سىز مىسىر، سۇدان، تۇنىس، ماراكەش، ئالجىرىيە، ئافرىقا ئويمانلىقلىر
ى، ئاسىيا تۆپىلىكلىرى ۋە مۇسۇلمان ياشايدىغان زېمىننىڭ ھەر قانداق بۇلۇڭلىرىدى
كى تۇنجى ئوقۇش يېشىدا ئۆمىلەۋاتقان ھەر قانداق بىر كىچىك مۇسۇلمان بالىدىن
بالام بىلال كىممۇ دەپ سورىسىڭىز، ئۇ سىزگە: بىلال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ
مۇئەززىنى، خوجايىنى ئۇنى دىنىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن قىززىتىلغان تاش بىلەن ئ
ازاپلىغاندا سەۋىر قىلىپ «ئاللاھ بىردۇر، ئاللاھ بىردۇر» دېگەن قۇل دەپ جاۋا
پ بېرىدۇ.

سىز ئىسلام بىلالغا بەرگەن بۇ مەڭگۈلۈك ئەسلىمىنى كۆرگەن ۋاقتىڭىزدا شۇنى ب
ىلىپ قويىشىڭىز كېرەككى ئۇ مۇسۇلمان بۇلۇشتىن ئىلگىرى ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ
قالالىغۇدەك خورما بەدىلىگە خوجايىنىڭ تۆگىسىنى باقىدىغان بىر ئاددىي قۇلدىن ئۆ
زگە كىشى ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ سەمىمىي ئىيمانى، ئىشەنگەن دىنىنىڭ يۈك
سەكلىكى ئۇنى ھاياتى تارىخىدا ئىسلامدىكى كاتتا، شەرەپلىك، ئېسىل كىشىلەر ئار
ىسىدا يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە قىلدى.

شۇنىسى ئېنىقكى نۇرغۇن ئالىي مەرتىۋىلىك، ئېسىل نەسەبلىك، يۈز _ ئابرويلۇ
ق، نوپۇزلۇق كىشلەر ھەبەشىستانلىق قۇل بىلال ئېرىشكەن بۇ مەڭگۈلۈك ئەسلى

مىنىڭ ئۇندىن بىرىنگىمۇ ئىچىرىشەلمىدى. بەلكى نۇرغۇن تارىخىي قەھرىمانلارمۇ ب
ىلال ئىچىرىشكەن بەزى نام _ شۆھرەتكە ئىرىشكەن ئەمەس.

ئۇنىڭ تىچىرسىنىڭ قارىلىقى، يۈز _ ئابروي ۋە نەسەبىنىڭ تۆۋەنلىكى ئۇنىڭ بىر ق
ۇل سۈپىتىدە باشقىلار ئالدىدىكى تۆۋەنلىكى ئۇنى ئۇ ئىسلامنى دىن قىلىپ تاللىغان
ۋاقتىدا ئۇنىڭ سەمىمىيتى، جەزمىيتى، پاكلىقى، پىداكارلىقى ۋە ئىخلاسى ئۇنى لايا
قەتلىك قىلىپ قويغان بۇ يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە بولۇشتىن مەھرۇم قويمىدى.

ھەقىقەتەن كىشلەر بىلالدەك قۇللارنى ئۇلار يات نەسەبكە تەۋە ئادەملەر، ئۇلارنى
ڭ بىرەر ئىشقا سالاھىيتى يوق، كۈچىمۇ يوق، ھاياتىنىڭ ھېچنىمىسىگە ئىگە ئەمە
س، چۈنكى ئۇ خوجايىنىنىڭ پۇلغا سېتىۋالغان مۈلكى، ئۇ خوجايىنىنىڭ بىر قانچە ق
وي _ تۆگىلىرى ۋە چارۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا بېرىپ كىلىپلام يۈرىدۇ دەپ ئويلىشا
تتى.

ۋە بۇنداق مەخلۇقلار ھېچ ئىش قىلالمايدۇ ۋە ھېچ نەرسە بولالمايدۇ دەپ گۇما
ن قىلشاتتى، ئاندىن قارىسا ئۇ ئۇشتۇمتۇت بارلىق گۇمانلارغا قارشى چىقتى.

دىمەك ئۇ ئىمان ئىچىتىشقا قادىر بولالىدى. باشقىلار ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىمان ئىچىت
ىشتىن بەك يىراقتا ئىدى.

ئاندىن ئۇ ئىسلامنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى مۇئەززىنى بولدى.
مانا بۇ مۇسۇلمان بولغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن بارلىق قۇرەي
ش كاتتىلىرى ۋە چوڭلىرى ئۆزى ئۈچۈن ئارزۇ قىلىدىغان بىر خىزمەت ئىدى.

توغرا..... بىلال ئىبنى رەباھ

بۇ ئىسىم ئىپادىلەۋاتقان قەھرىمانلىق، ئەزىمەتلىك نېمىدىگەن كاتتا ھە!!!

شەكسىزكى ئۇ ھەمامە ئىسىملىك بىر قارا دېدەكتىن تۇغۇلغان ھەبەشىستانلىق، ھە
مامە بىلالنىڭ تەقدىرىنى مەككىدىكى ئۇمەييە ئىبنى خەلەپ ئەلجۇمەھىينىڭ قۇلى ب
ولۇشقا ئۆزگەرتتۆەتكەن، چۈنكى ھەمامە ئۇمەييە ئىبنى خەلەپ جەمەتىدىكى بىرە
يلەننىڭ خىزمەتچى دىدەكلىرىدىن ئىدى.

بىلال قۇللۇق تۇرمۇشتا ياشايدىغان بولۇپ ياشاۋاتقان كۈنىسىدىن ھېچ بىر نېسىد
ۋىسى بولمىغان ئەتىسىدىن ھېچ بىر ئۈمىد يوق قۇرۇق _ قاقشال بولۇپ كەتكەن
ھالەتتە كۈنلىرىنى ئۆتكۈزەتتى.

كىشىلەر مەككىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋەرلىرىنى ئۆز ئارا بىر _ بىرد
گە يەتكۈزىشكە باشلىغان ۋاقتىدا بۇ خەۋەرلەر بىلالنىڭ قۇلاقلىرىغا يېتىپ كېلىشك
ە باشلىدى.

چۈنكى ئۇ خوجايىنلىرىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ مېھمانلىرىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالاتت
ى. بولۇپمۇ ئۆزى ئۇنىڭ قۇللىرىنىڭ بىرى بولغان بەنى جۇمەھ قەبىلىسىنىڭ ئاقساق
اللىرىدىن بىرى ئۇمەييە ئىبنى خەلەفنىڭ سۆزلىرىگە بەكراق قۇلاق سالاتتى.

ئۇنىڭ خوجايىنى ئۇمەييە بەزىدە دوستلىرى بىلەن بەزىدە قەبىلىسىنىڭ شەخسلىر
ى بىلەن رەسۇلۇللاھ ھەققىدە تولۇپ _ تاشقان غەزەپ، غەم _ ئەندىشە ۋە يامانل
قلار بىلەن پاراڭلىشاتتى. بىلالنىڭ قۇلاقلىرى مانا بۇ ساراڭلارچە ئېيتىلغان غەزە
پ سۆزلىرى ئارىسىدىن بۇيىگى دىننى تەسۋىرلەپ بېرىدىغان سۈپەتلەرنى ۋە بۇ
دىن ئېلىپ كەلگەن تەۋھىد (ئاللاھنى بىر، يەككە _ يىگانە ھېچ شىرىكى يوق دە
پ ئېتىقاد قىلىش) ۋە ئېسىل ئەخلاقلارغا چاقىرىش، باراۋەرلىك ۋە ئەركىنلىككە
چاقىرىش قاتارلىق گەپ سۆزلەرنى ئاڭلايتتى. ئۇ بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزى ياشاۋاتق
ان مۇھىتقا نىسبەتەن يېڭى بىر سۈپەتلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى. شۇنىڭدەك
ئۇنىڭ قۇلاقلىرى يەنە ئۇلارنىڭ بۇ گۈلدۈرمامىدەك قورقۇنۇشلۇق سۆزلىرى ئارد
سىدىن ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىپىنى، راسچىللىقىنى، ئامانەتدا
رلىقىنى ۋە چۈشەنچىسىنىڭ چوڭقۇرلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان سۆزلەرنى ئاڭلايتت
ى.

شۇنداق ئۇ يەنە ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن بۇ دىندىن تەئ
ەججۈپلىنىپ ھودۇقۇپ كەتكەنلىكىنى ۋە بىر _ بىرىگە مۇھەممەد ھېچ قاچان يال
غان گەپ قىلىپ باقمىغان ئۇ سېھىرىگەرمۇ ئەمەس، ساراڭمۇ ئەمەس شۇنداقتىم
ۇ بىز بۈگۈن ئۇنىڭ دىنى تەرەپكە قاراپ يۈگۈرەۋاتقانلارنى توسۇش ئۈچۈن ئۇن
ى كەمسىتىش ۋە ئەيىپلەشتىن باشقا يول يوق دېيىشكەنلىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتى.

ئۇ يەنە خوجايىنلىرىدىن مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ ئامانەتدارلىقى، ۋاپادارلىقى ، باتۇرلۇقى، ئەخلاقلىقلىقى، پاكلىقى، ئەقلىنىڭ ئۆتكۈرلىكى قاتارلىق سۈپەتلىرى ھەققىدىكى پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتى.

ۋە يەنە ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھنى دۈشمەن تۇتۇش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشقا ئىپلىپ بارغان سەۋەپلەر ھەققىدىكى پىچىرلاشلىرىنى ئاڭلىغان ئىدى.

مانا بۇ سەۋەپلەر بىرىنجىدىن: ئۇلارنىڭ ئەجداتلىرىنىڭ دىنىغا بولغان مۇھەببىتى

ئىككىنجىدىن: قۇرەيشلەرنىڭ شان _ شەرىپىنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەش بولۇپ، بۇ شان شەرەپنى ئۇلارغا پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ھەج پائالىيتى ۋە باشقا ئىبادەتلەرنىڭ پايتەختى سۈپىتىدىكى دىينى مەركىزىنى قايتۇرۇپ بېرەتتى . ئۇنىڭدىن باشقا ھاشىم جەمەتىدىن پەيغەمبەر چىققانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلارغا بولغان ئۆچمەنلىكمۇ بار ئىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىلال ئىبنى رەباھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھنىڭ نۇرىنى كۆرىدۇ ۋە تالالانغان روھنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايدۇدە رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا بېرىپ مۇسۇلمان بولىدۇ.

بىلالنىڭ ھاياتىدا مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئىلگىرىكىدەك يەپ _ ئىچىش، ئۇخلاشلام بولغىنىدەك تىنىچلىق بولمىدى.

ئوزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىق خەۋىرى تارقالدى. ئۇنىڭ جۇمەھ قەبىلىسىدىن بولغان خوجايىنلىرىنىڭ باشلىرى پىرقىراپ ئايلىنىپ كەتتى. مانا بۇ باشلارنى ھاكاۋۇرلۇق چوڭايتىپ، مەغرۇرلۇق ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن ئىدى.

زىمىن شەيتانلىرى قۇللىرىدىن بىرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئۆزلىرىگە ئومۇمىيۈزلۈك رەسۋالىق ۋە ئار_ نۇمۇس ئېلىپ كەلگەن بىر كاچات دەپ قارىغان ئۇمەييە ئىبنى خەلەفنىڭ ئۈستىگە ئولىشىۋالغان ئىدى.

ئۇلارنىڭ ھەبەشىستانلىق قۇلى مۇسۇلمان بولۇپ مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا ئەگەشەمدۇ؟

ئۇمەييە كۆڭلىدە: شۇنداقتىمۇ كىرەك يوق، بۈگۈنكى قۇياش خوجايىنغا ئاسىيلىق قىلغان بۇ قۇلنىڭ ئىسلامنىڭ يوقۇلىشى بىلەن پاتىدۇ دەيتتى.

لېكىن بۇ قۇياش پەقەت بىلالنىڭ ئىسلامى بىلەنلا پاتماستىن بەلكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە قۇرەيشنىڭ بارلىق بۇتلىرى ۋە بۇتپەرەسلەرنىڭ يوقۇلىشى بىلەن پاتتى.

ئەمما بىلالنىڭ ئىسلام ئۈچۈنلا شەرەپ بولماستىن (گەرچە ئىسلام ئۇ شەرەپكە ئەڭ لايىق بولسىمۇ) بەلكى بارلىق ئىنسانىيەتكە شەرەپ بولغان بىر مەيدانى بار ئىدى.

شەكسىزكى بىلال خۇددى ئاللاھ ئۇنى «تىرىسىنىڭ قارا بۇلىشى ئۆزىنىڭ قۇل بۇلىدىشى ئىيمانىلا بۇلىدىكەن، رەببىگە مۇستەھكەم ئېسىلىدىكەن، ئۆز ھەققىنى مۇستەھكەم تۇتىدىكەن ئۇنىڭ

كاتتىلىقىغا تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ» دىگەن ئۇقۇمغا ئۈلگە قىلىپ كۆرسەتكەندەك ئەڭ يۇقىرى چەكتىكى تۆرلۈك ئازاپلارغا يۈكسەك رەۋىشتە بەرداشلىق بەرگەن ئىدى.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز زامانىسىدىكى ۋە ھەر قانداق ئورۇندىكى ئۆز دىنىدا بولغان ياكى بولمىغان كىشلەر ئۈچۈن شۇنداق بىر دەرىس بەرگەن ئىدىكى ئۇنىڭ مەزمۇنى: «قەلبىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئۇنىڭ مۇستەقىللىقى زېمىن توشقىچىلىك ئالتۇنغا سېتىلمايدۇ ۋە زېمىن توشقىچىلىك ئازاپقا تېگىشىلمەيدۇ»

دەۋەتنىڭ بېشىدا تۇنجى بولۇپ ئىسلامىنى ئاشكارلىغان كىشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەبۇبەكرى، ئەممار ۋە ئانىسى سۈمەييە، سۇھەيب، بىلال، مىقداد قاتارلىق يەتتە كىشى بولۇپ، رەسۇلۇللاھنى ئاللاھ تاغىسى ئەبۇ تالىپ ئارقىلىق قوغداپ قالدى. دىمەك ئەبۇ تالىپ رەسۇلۇللا نى مۇداپىئە قىلىپ قوغداپ قالدى.

ئەمما ئەبۇ بەكرى بولسا ئۇنى ئاللاھ ئۆز قەۋمى بىلەن قوغداپ قالدى. باشقىلار نى بولسا مۇشرىكلار تۇتۇپ ئۇلارغا تۆمۈر كىيىمنى كەيدۈرۈپ ئۇلارنى قۇياش ئاستىدا ئېرىتىۋەتتى.

بىلالدىن باشقا بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشرىكلار ئىرادە قىلىشقان نەرسىگە بوي سۇنۇشتى. لېكىن بىلال ئاللاھ يولىدا ئۆز نەپسىنى خار قىلدى، ۋە ئۆز قوۋمىنى خار قىلدى. ئاندىن مۇشرىكلار ئۇنى تۇتۇپ كىچىك بالىلارغا تاپشۇردى. ئۇلار ئۇنى مەككىنىڭ جىلغىسىدا ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى ۋە ھالبۇكى بىلال «ئەھەد، ئەھەد» ئاللاھ بىر، ئاللاھ بىر دەيتتى.

ئۇ دىندىن قايتۇرلىشى ياكى يالغاندىن بولسىمۇ رازى بولىشى ئۈچۈن يالىڭاچلانغان ھالدا ئۇششاق تاشلار ئۈستىگە قويۇلاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسلام بۇ بىچارە ھەبەشىستانلىق قۇلدىن بارلىق ئىنسانىيەتكە قەلبىنى ھۆرمەت قىلىش ئۇنىڭ ئەركىنلىكىنى ۋە مۇستەقىللىقىنى قوغداش ھەققىدە بىر ئۇستاز ياساپ چىققان.

مۇشرىكلار ئۇنى سايلىق ئۆتكۈر جەھەننەمگە ئايلانغان چۈش ۋاقتىدا ئېلىپ چىقىپ يالىڭاچ پېتى يالقۇنجاۋاتقان ئۇششاق تاشلار ئۈستىگە تاشلايتتى، ئاندىن بىر قانچە كىشى ئورنىدىن يۆتكەيدىغان ئوتتەك قىززىپ كەتكەن تاشنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭ كۆكرىكى ۋە بەدەنلىرى ئۈستىگە قوياتتى. بۇ ۋەھشى ئازاپ ھەر كۈنى تەكرارلىناتتى. ئاخىرى ئۇنى ئازاپلىغان بەزى جاللاتلار ئۇنىڭ ئازابىنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قالدى.

ئۇلار ئاخىرى بىلالنى ئۇلارنىڭ شان _ شەرىپىنى ساقلاپ قالغۇدەك، قۇرەيشلەر ئۇلارنى قۇلىنىڭ بەرداشلىق بېرىشى ۋە مۇستەھكەملىكى ئالدىدا خارلارچە مەغلۇپ بولىشتى دىمىگۈدەك بىر ئېغىز بولسىمۇ ئىلاھلىرىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىپ بېرىش بەدىلىگە قويۇپ بېرىشكە رازى بولۇشتى. لېكىن ئۇ يالغاندىن دىيەلەيدىغان ئۇنىڭ بەدىلىگە ئىيماننى يوقاتماستىن ھاياتىنى، ئۆز نەپسىنى سېتىۋالالايدىغان، ئۇنىڭغا رازى بۇلىشتىن ۋاز كېچەلەيدىغان مۇشۇنداق ئاددىي بىر كەلىمە سۆزنىمۇ قىلىشنى رەت قىلدى.

توغرا! ئۇ بۇ سۆزنى دىيىشنى رەت قىلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا «ئەھەد، ئەھەد» ئاللاھ بىر، ئاللاھ يەككە _ يىگانە دىگەن كەلىمىنى تەكرارلاشقا باشلىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا: بىز دىگىنىدەك دىگىن دەيتتى.

ئۇ ئاجايىپ زاڭلىق قىلغان، چىدىغۇسىز دەرىجىدە مەسخىرە قىلغان ھالدا ئۇلارغا:
تىلىم بۇ گەپنى ياخشى سۆزلىيەلمەيدۇ دەپ جاۋاپ بېرەتتى.

بىلال داۋاملىق ئېرىتنۋەتكۈدەك قىززىقلىق ئىچىدە قىززىق تاش ئاستىدا تۇراتتى.
كۈن كىرىپ كېتەي دېگەندە ئۇلار ئۇنى تۇرغۇزۇپ بويىنىغا ئارغامچا سېلىپ
كىچىك باللىرىنى ئۇنى سۆرەپ مەككىنىڭ تاغلىرىدا ۋە كوچىلىرىدا ئايلاندۇرۇشقا
بۇيرۇيتتى.

بىلالنىڭ تىلى «ئەھەد، ئەھەد» دېگەندىن باشقا سۆزنى دېمەيتتى. كەچ كىرگەندە ئ
ۇلار بىلال بىلەن سودىلىشاتتى.

ئەتە ئىلاھلىرىمىز ھەققىدە ياخشى گەپلەرنى دېگىن، لات، ئۇززا مېنىڭ رەببىم دې
گىن، بىز سېنى ئۆز مەيلىڭگە قويىۋېتىمىز، بىزمۇ سېنى ئازاپلاپ خۇددى بىز ئ
ازاپلانغاندەك چارچاپ كەتتۇق دەيتتى.

ئۇ «ئەھەد، ئەھەد» دېگەن پېتى بېشىنى لىڭشىتىپ تۇراتتى.

ئۇمەييە ئىبنى خەلەف غەم _ ئەندىشە ۋە ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ ئۇنىڭ م
ەيدىسىگە مۇشتى بىلەن بىرنى سالدى ۋە ئى ناچار قۇل سېنى بىزگە قايسى شۇمل
ۇق ئېلىپ كەلگەن بولغىيدى لات، ئۇززا بىلەن قەسەمكى مەن سېنى چوقۇم قۇ
للارغا ۋە خوجايىنلارغا ئىبرەت قىلىمەن دەپ توۋلاپ كەتتى.

بىلال بولسا جەزمى ئىشەنگەن بىر مۆئمىن سۈپىتىدە «ئەھەد، ئەھەد» دەپ جاۋا
پ بەردى.

ئۇنىڭغا كۆيۈنگۈچىلىك رولىنى ئېلىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان بىرسى كېلىپ قاي
تىدىن سودىلىشىپ، پارڭلىشىپ مۇنداق دېدى: ئى ئۇمەييە بولدى قىل! لات بىلەن ق
ەسەمكى ئۇ بۈگۈندىن تارتىپ

ئازاپلانمايدۇ، ھەقىقەتتەن بىلال بىزدىن، ئانىسى بىزنىڭ دېدىكىمىز ئۇ ھەرگىزمۇ
ئىسلامى سەۋەپلىك بىزنىڭ قۇرەيشلەرنىڭ سۆز چۆچەكلىرى ۋە مەسخىرىسىگە ق
ېلىشىمىزغا رازى بولمايدۇ.

بىلال بۇ مەككار كاززاپ يۈزلەرگە تىكىلىپ قارىدى ۋە تاڭنىڭ نۇرىدەك تەبەسسۇ
م قىلىپ ئېغىزىنى ئېچىپ قويىدى، ئاندىن ئۇلارنى تەۋرىتىۋەتكۈدەك تەمكىنلىك ئى
چىدە «ئەھەد، ئەھەد» دېدى.

تاڭ ئېتىپ چۈش ۋاقتى يېقىنلاشتى. بىلال قاتتىق ئىسسىق تەرەپكە ئېلىپ مېڭى
لدى. ھالبۇكى ئۇ سەۋر قىلىپ، ئەجىر ئۈمىد قىلىپ بەرداشلىق بېرىپ تۇراتتى.
بىلال ئازاپلىنىۋاتقان ۋاقىتتا ئەبۇبەكرى ئۇلار تەرەپكە يېتىپ كەلدى ۋە ئۇلارغا:
ئاللاھتىن قورۇقمامسىلەر؟ سىلەر بىر ئادەمنى رەببىم ئاللاھ دېگەنلىكى ئۈچۈن ئۆل
تۈرەمسىلەر؟ قاچانغىچە بۇنداق بولىدۇ دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇمەييە: ئۇنى سەن بۇزىۋەتكەن ئەمدى ئۇنى بۇ ئازاپتىن ئۆزۈڭ قۇتۇلدۇرغىن د
ېدى. ئاندىن ئەبۇبەكرى ئۇمەييە ئىبنى خەلەفكە ئۇنىڭ ئەسلى پۇلىدىن كۆپراق ئېل
ىپ، ئۇنى ئەركىن قويىۋەت دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇمەييە خۇددى غەرىق بوپ كەتكەندىن كېيىن قۇتقۇزۇش كېمىسى تاپقاندەك ب
وپ كەتتى.

ئەبۇبەكرى ئۇنى ئازات قىلىش پۇلىنى ئېغىزىدىن چىقارغان ۋاقىتىدا ئۇمەييە چىن
قەلبىدىن رازى بولۇپ خۇشال بولدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە بىلالنى بويسۇند
ۇرۇشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈش ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەن ئىدى. ئۇلار سودىگەر ب
ولغاچقا، ئۇلارغا نىسبەتەن ئۇنى سېتىش ئۇنىڭ ئۆلۈپ قالغىنىدىن پايدىلىق ئىدى.

ئۇلار ئۇنى ئەبۇبەكرىگە ساتتى. ئەبۇبەكرى ئۇنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئازات قىلد
ۋەتتى. بىلال ئەركىن، ھۆر كىشلەر ئارىسىدىن ئورۇن ئالدى. ئەبۇبەكرى بىلالنى
قولتۇقلاپ ئەركىنلىك تەرەپكە ئېلىپ ماڭغىنىدا ئۇمەييە ئۇنىڭغا ئالە بولدى. لات
ۋە ئۇززا بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سەن ئۇنى پەقەت بىر ئۇقىيەگە (ئالتۇن بىرلىك
ى) ئالىمەن دېگەن بولساڭمۇ، ساڭا سېتىۋەتكەن بولاتتىم دېدى. ئەبۇبەكرى بۇ س
ۆزلەردىكى ئاچچىق ئۈمىدسىزلىك ۋە ئارزۇلىرىنىڭ تۈگەشكەنلىكىنى چۈشەندى. ئ
ۇنىڭ بۇ سۆزىگە جاۋاپ بەرمەسلىككە لايىق ئىدى. لېكىن بۇنىڭدا قېرىندىشىغا
ۋە ئوخششىغا ئايلانغان بۇ كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى كەمسىتىش بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ

مەيىگە: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر يۈز ئۇقيەدىن تۆۋىنىگە ئۈنىمىغان بولساڭلار، ئەلۋەتتە مەن شۇنى بەرگەن بولاتتىم دەپ جاۋاپ بەردى.

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەمراھىنى ئېلىپ رەسۇلۇللاھقا ئۇنى ئازات قىلىۋەتكەنلىكى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىش ئۈچۈن باردى. بۇ كاتتا بىر بايرام بول دى.

رەسۇلۇللاھقا ئىيمان ئېيتقان مۇسۇلمانلار مەككىدە قۇرەيشلەر تەرەپتىن قاتتىق ئە ەزىيەتلەرگە ئۇچراۋاتاتتى. شۇڭلاشقا رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى خاتىرجەم بولىشى، ق ۇرەيشلەردىن بولغان مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ئەزىيىتىدىن يىراق تۇرىشى ئۈچۈن م ەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرىدى.

رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە مۇسۇلمانلار مەدىنىدە مۇقۇملىشىپ ب ولغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ نامازغا ئەزان ئوقۇشنى يولغا قويدى.

ئۇنداقتا كىم نامازغا ھەر كۈنى بەش قېتىم مۇئەززىن بولىدۇ؟ تەكبىر _ تەھلىللىر ى بىلەن ئوپۇقتا مۇڭلۇق سايرايدۇ؟

ھەقىقەتەن ئۇ بولسىمۇ ئون ئۈچ يىلدىن بىرى ئازاپ ئۇنى ئاجىزلاشتۇرۇپ كاۋا پ قىلىۋەتكەن ھالەتلىرىدىمۇ «ئاللاھ بىر، ئاللاھ يەككە _ يىگانە» دەپ توۋلاپ كە لگەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر.

مانا بۈگۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامنىڭ تۇنجى مۇئەززىنى بولۇشقا ئۇنى تاللىدى. ئۇ مۇڭلۇق، تەسىرلىك ئاۋازى بىلەن ئەزان كەلىمىلىرىنى ياڭرىتىپ قەلبل ەرنى ئىيمانغا، قۇلاقلارنى ھەيۋەتكە تولدۇرۇۋەتتى.

ئەزاننىڭ تېكىستى:

اللهُ أكبر اللهُ أكبر ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر (ئاللاھ ھەممىدىن چوڭدۇر)

اللهُ أكبر اللهُ أكبر ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر (ئاللاھ ھەممىدىن چوڭدۇر)

أشهد أن لا إله إلا الله ئەشھەدۇ ئەنلائىلاھە ئىللەللاھ (گۇۋاھلىق بېرىمەنكى ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر)

أشهد أن لا إله إلا الله ئەشهەدۇ ئەنلائىلاهە ئىللەللاھ (گۇۋاهلىق بېرىمەنكى ئاللاھتىن باشقا هېچ ئىلاھ يوقتۇر)

أشهد أن محمدا رسول الله ئەشهەدۇئەننە مۇهەممەدەن رەسۇلۇللاھ (گۇۋاهلىق بېرىمەنكى مۇهەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر)

أشهد أن محمدا رسول الله ئەشهەدۇئەننە مۇهەممەدەن رەسۇلۇللاھ (گۇۋاهلىق بېرىمەنكى مۇهەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر)

حي على الصلاة هەييە ئەلەسسالاھ (نامازغا كېلىڭلار)

حي على الصلاة هەييە ئەلەسسالاھ (نامازغا كېلىڭلار)

حي على الفلاح هەييە ئەلەلفالاھ (نىجاتلىققا كېلىڭلار)

حي على الفلاح هەييە ئەلەلفالاھ (نىجاتلىققا كېلىڭلار)

اللهُ أكبر اللهُ أكبر ئاللاهۇ ئەكبەر، ئاللاهۇ ئەكبەر (ئاللاھ هەممىدىن چوڭدۇر)

لا إله إلا الله لائىلاهە ئىللەللاھ (بىر ئاللاھتىن باشقا هېچ ئىلاھ يوقتۇر)

لېكىن قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ كۆڭلى مانا بۇ يېڭى دىنىنىڭ كۈنسايىن يۈكسىلىۋاتقانلىقى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە ئارام تاپمايتتى. شۇڭدا ق قىلىپ ئاخىرى مۇسۇلمانلار بىلەن مەدىنىگە ئۇرۇش ئېچىپ كەلگەن قۇرەيش قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى.

بۇ ئۇرۇش ۋەھشىيلەرچە شىددەت بىلەن ناهايىتى قاتتىق ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى، بىلال مۇسۇلمان بولۇپ تۇنجى قېتىم قاتناشقان بۇ ئۇرۇشتا (بەدىر ئۇرۇشى) شىددەت بىلەن هۇجۇم قىلىپ جەۋلان قىلىۋاتاتتى.

بۇ ئۇرۇشنىڭ شۇئارىنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام «ئەهەدۇن ئەهەد» ئاللاھ بىردۇر، ئاللاھ بىردۇر دېگەن كەلىمە بولۇشقا بۇيرىغان ئىدى. بۇ ئۇرۇشتا قۇرەيشلەر يۈرەك پارىلىرىنى چىقارغان ئىدى. ئەسلىدە بىلالنىڭ خوجايىنى بولغان، ئۇنى ۋ

ەھشيلەرچە ئازاپلىغا ئۇمەييە ئىبنى خەلەف ئۇرۇشقا چىقىشتىن يېنىۋېلىش نىيىتىد
گە كەلگەن ئىدى.

ئەگەر ئۇنىڭ دوستى ئۇقبە ئەبنى مۇئىيت ئۇنىڭ ئۇرۇشتىن ۋاز كەچكەنلىك، ھۇر
ۇنلۇق قىلىپ ئولتۇرۋالغانلىق خەۋىرىنى بىلگىنىدە چوغداننى كۆتۈرۈپ كېلىپ ك
ىشلەر ئارىسىدا ئولتۇرغان ھالىتىدە ئۇچراشقىنىدا ئالدىغا چوغداننى قويۇپ ئۇنىڭغ
ا: ئى ئەبۇئەلى بۇنىڭدا ئىسرىق سېلىپ ئولتۇرۇپ تۇرغىن، سەن ھەقىقەتەن ئايال
لاردەك بولۇپ قاپسەن دېمىگەن بولسا ئۇرۇشتىن يېنىۋېلىش نىيىتىگە كەپ بولغان
ئىدى. ئۇمەييە ئۇنىڭغا ئاللاھ سېنى ۋە سەن ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى رەھمىت
ىدىن يىراق قىلىۋەتكەي دەپ ۋارقىراپ كەتتى. ئاندىن ئۇ ئۇرۇشقا چىققۇچىلار بىلە
ن بىرگە چىقىشتىن قاچىدىغان بىرەر چارە تاپالماي ئاخىرى ئۇرۇشقا چىقتى.

ئەسلىدە ئۇقبە ئەبنى مۇئىيت ئۇمەييە ئىبنى خەلەفنى بىلال ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ك
ۈچسىز مۇسۇلمانلارنى ئازاپلاشقا ئەڭ بەك كۈشكۈرتكەن كىشى ئىدى. بۈگۈن دە
ل مۇشۇ كىشى ئۇنى ئۇنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئۆلۈم مەيدانى بولغان بەدىر ئۇرۇشىغا چى
قىشقا قىزىقتۇرۋاتاتتى. ئەگەر ئۇقبە ئۇنى بىز يۇقۇردا كۆرگىنىمىزدەك دەرىجىدە ئ
اشكارا قىلىۋەتمىگەن بولسا ئۇ ئەلۋەتتە بۇ ئۇرۇشتىن قېلىپ قالغان بولاتتى. لېكى
ن ئاللاھ تائالا مەقسىدىگە يەتكۈچى زاتتۇر.

ئۇمەييە چىقسۇن، چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ قۇللىرىدىن بولغان بىر قۇلنىڭ كو
نا ھىساۋاتى بار. ئەمدى ئۇ قەرزىنى تاپشۇرۇش ۋاقتى يېتىپ كەلدى. چۈنكى ھ
ېساپ ئالغۇچى زات ئاللاھ ئۆلمەيدۇ.

شۇنداق بىر ماقال _ تەمسىل باركى: «باشقىلارغا قانداق قىغان بولساڭ، ئۇلارمۇ
ساڭا شۇنداق قىلىدۇ» «قازىنىڭدا نېمە بولسا چۆمۈچىڭگە شۇ چىقىدۇ»

ئۇمەييە پاك مۆئمىنلەرنى ئازاپلاشتا كۈشكۈرتىشلەرگە قۇلاق سالىدىغان خاھىشلى
رىنى ئورۇنلاشقا ئالدىرايدىغان ئۇقبەنىڭ ئۆزى ئۇمەييەنى ئۆلىدىغان ئورۇنغا يېت
ىلەۋاتاتتى.

كىمنىڭ قولىدا ئۆلىدۇ؟

بىلالنىڭ ئۆز قولىدا ئۆلىدۇ. بىلال ئۇنى يالغۇز ئۆلتۈرىدۇ!

ئۇمەييە زەنجىر _ كىشەنلەر بىلەن كىشەنلەپ قويغان، قاتتىق ئازاپلىغان قۇلىنىڭ ئۆز قولىدا ئۆلىدۇ.

نەق مۇشۇ قۇل بىلەن ئۆلتۈرلىدۇ. يەنى ئۇ قۇل بۈگۈن يەنى بەدىر ئۇرۇشىدا ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى ئۆچ ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك بىلەن خارلىغان قۇرەيش جاللاتلىرى بىلەن ئۇچرىشىشنى بەلگىلىگەن بىر ۋاقىتتا ئۆلتۈرىدۇ.

بۇ ئىشلار تولۇق يۈز بەردى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرسىدا ئۇرۇش باشلانغان، جەڭ مەيدانلىرى مۇسۇلمانلار تەرەپتىن دېيىلگەن «ئەھەد، ئەھەد» دېگەن شوئارلىرى بىلەن تەۋرەپ كەتكەن ۋاقىتتا ئۇمەييەنىڭ يۈرىكى قورقۇنىشتىن چىقىپ كېتەي دەپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا ئۆلۈم سىگنالى يېتىپ كەلدى.

تېخى تۈنۈگۈن بىر قۇل قورقۇنىش ۋە ئازاپ ئاستىدا تەكرارلاۋاتقان بۇ كەلىمە «ئەھەد، ئەھەد» بۈگۈن دىنىنىڭ بىر پۈتۈن شوئارى ۋە بۇ بىر يېڭى ئۇممەتنىڭ ھەممىسىنىڭ شوئارىغا ئايلىنىپ كەتتىمۇ؟!

«ئەھەد، ئەھەد» ئاللاھ بىردۇ، ئاللاھ يەككە _ يىگانە زاتتۇر دىگەن كەلىمە شۇنداق بولۇپ كەتتىمۇ؟!

مۇشۇنداقلا بۇلۇپ قالامدۇ؟ مۇشۇنداق تېز سۈرئەتتە مۇشۇنچىۋالا دەرىجىدە يۈكسىلىپ كەتتىمۇ؟!

قېلىچلار گىرەلىشىپ ئۇرۇش ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. بۇ ئۇرۇش ئاخىرلىشاي دېگەندە ئۇمەييە ئىبنى خەلەف رەسۇلۇللاھنىڭ ھەمراھى بولغان ئابدۇرراخمان ئىبنى ئەۋفنى كۆرۈۋدۇدە، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىپ ئۇنىڭدىن ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ ئەسىرى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئابدۇرراخمان ئۇنىڭ تەلىپىنى قۇبۇل قىلىپ پاناھلىق بېرىدۇ. ئاندىن ئۇنى بۇ قاتتىق ئۇرۇش ئارىسىدىن يۇشۇرۇن بىر ئورۇنغا ئېلىپ ماڭىدۇ. بىلال يولدا ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ: كۇپرىنىڭ بېشى ئۇمەييە ئىبنى خەلەف ئەگەر ئۇ نىجاتلىققا ئېرىش

سە مەن نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيمەن دەپ توۋلىدى ۋە ئۇزۇندىن بېرى مەغرۇرلۇ
ق، كىبىر چوڭايتىۋەتكەن بۇ باشنى يۇلۇپ ئېلىش ئۈچۈن قېلىچىنى كۆتەردى.

بۇ چاغدا ئابدۇرراخمان ئىبنى ئەۋف: ھەي بىلال ئۇ مېنىڭ ئەسىرىم دەپ ۋارقىر
ىدى.

مۇشۇنداق ئۇرۇش قاتتىق قايناۋاتقان ھالەتتىمۇ ئەسىر بولامدۇ؟ قېلىچى بىر قانچ
ە مىنۇت ئىلگىرى مۇسۇلمانلار جەسەتلىرى ئۈستىدە قىلغان قىلمىشلىرى سەۋەبىد
ن قان تېمىتىپ تۇرغان ھالەتلىرىدىمۇ ئەسىرگە ئېلىنامدۇ؟

ياق... بۇ بىلالنىڭ كۆز قارىشىدا ئەقىللەرنى كەمسىتىش، مەسخىرە قىلغانلىق ئىدى.
ئۇمەييە راستىنلا يېتەرلىك مەسخىرە قىلغان ۋە كەمسىتكەن ئىدى.

ئۇ ئىلگىرى شۇ دەرىجىدە مەسخىرە قىلغان ئىدىكى بۈگۈنكىدەك بۇنداق جىددى پەيت
كە بۇنداق ھالەتكە قالدۇرمىسىمۇ بولاتتى.

بىلال ئۆزى يالغۇز دىينى قېرىندىشى ئابدۇرراخمان ئىبنى ئەۋفنىڭ ھىمايىسىنى ب
ۇزۇپ كىرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكىنىدە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يۇقىرى ئاۋاز ب
ىلەن: ئى ئاللاھنىڭ ياردەمچىلىرى مانا بۇ كۇفرىنىڭ بېشى ئۇمەييە ئىبنى خەلەف
ئەگەر ئۇ نىجات تاپسا، مەن نىجات تاپالمايمەن دەپ توۋلىدى.

قېلىچلىرىدىن ئۆلۈم پۇراپ تۇرىدىغان بىر توپ مۇسۇلمانلار يېتىپ كىلىپ ئۇمە
ييە ۋە ئوغلىنى قورشىۋالدى. ئۇمۇ قۇرەيشلەر بىلەن بىر سەپتە ئۇرۇش قىلاتتى.

ئابدۇرراخمان ئىبنى ئەۋف ھېچنىمە قىلالمىدى بەلكى ئۇ قىستاڭچىلىق پارچە _ پ
ارچە قىلىۋەتكەن ئۇرۇش كىيىملىرىنىمۇ قالالمىدى.

بىلال ئۇمەييەنىڭ ئۈتكۈر قېلىچلار ئاستىدا يىقىلغان جەسىتىگە ئۇزۇن قاراپ تۇ
رغاندىن كېيىن مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن «ئەھەد، ئەھەد» دەپ توۋلىغان ھالدا تې
ز _ تېز يۈگرەپ كېتىپ قالدى.

بۇ ئورۇندا بىلالدىكى كەڭ قورساقلىق پەزىلىتى ھەققىدە ئىزدىنىپ ئولتۇرۇشقا ھەق
قىمىز يوق دەپ ئويلايمەن. چۈنكى ئاۋادا بىلال بىلەن ئۇمەييە ئوتتۇرسىدىكى بۇ ئ

ۇچرىشىش باشقا بىر شارائىتتا بولغان بولسا ئىدى، بىز ئۇنىڭدىن كەڭ قورساق بۇلـ
ۇش ھەققىنى سورىغان بولساق بولاتتى.

بىلالدەك ئىمانلىق ۋە ئۇنىڭدەك تەقۋادار بىر كىشىنىڭ بېخىللىق قىلىشى لايىق ئەمـ
ەس ئىدى، لېكىن ئۇئىككىسى ھەر تەرەپ ئۆز دۈشمىنىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن كەلـ
گەن، قېلىچلار پارقىراپ تۇرغان، ئۆلگەنلەر يېقىلىۋاتقان، ئۆلۈم ۋە ھالاكەت
سەكرەپ يۈرىۋاتقان بىر ئۇرۇشتا ئۇچرىشىپ قالدى.

ئاندىن بىلال بەدىنىدىن بارماق ئۇچىچىلىك ئورۇنىمۇ قالدۇرماي ئازاپلىغان ئۇمەيىي
ەگە قاراپتۇرامدۇ ؟!

ئۇنى قەيەردە كۈتۈپ تۇرىدۇ ؟! قانداق كۈتۈپ تۇرىدۇ ؟! ئۇرۇش مەيدانلىرىدىمۇ
قاراپ تۇرسىنمۇ ؟! ۋە ھالبۇكى ئۇرۇش مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىرىدىن تاپالىغانلىرىن
ى ئۈزۈپ تاشلاۋاتقان تۇرسا!

ئەگەر ئۇمەيىيە بىلالنىڭ بېشىنى شۇ چاغدا كۆرۈپ قالغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئ
ۈزۈپ تاشلىۋەتكەن بولاتتى.

بۇ ئىككىسى ئۇچراشقان بۇنداق شارائىتتا بىلالدىن نېمىشقا چىرايلىق مۇئامىلە قىلم
ايدۇ دەپ سورىشىمىز مەنتىقىغا ئۇيغۇن بولماي قالىدۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ مەككە پەتىھ بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە ئۇنمىڭلىغا
ن مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىدا تەكبىر ئوقۇغان، شۈكرى ئېيتقان ھالەتتە كىرىدۇ ۋە
ئۇدۇل كەئبە تەرەپكە قاراپ يۈزلىنىدۇ.

قۇرەيشلەر بۇ مۇقەددەس ئورۇننى بىر يىلنىڭ كۈنلىرىنىڭ سانىدەك بۇتلارغا توشق
ۇزىۋەتكەن ئىدى. ئەلۋەتتە ھەق كېلىپ باتىل يوقالدى. بۈگۈندىن باشلاپ نە ئۇز
زا، نە لات، نە ھۈبەل دىگەندەك بۇتلارمەۋجۇت ئەمەس. ئىنسان بۈگۈندىن باش
لاپ تاشقا باش ئۇرمايدۇ، بۇتقا باش ئۇرمايدۇ.

كىشلەر ھەرگىزمۇ تەڭدىشى بولمىغان، يەككە _ يىگانە، كاتتا ھەممىدىن بۈيۈك ئا
للاھتىن باشقىسىغا چىن كۆڭلىدىن ئىبادەت قىلمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەئبىگە بىلالنى ئۆزىگە ھەمرا قىلغان ھالدا كىرىدۇ. كىرە _ كىرمەيلا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پال سېلىۋاتقان ھالىتىنى تەسۋىرلەپ بېرىدىغان ئويۇپ ياسالغان بىر ھەيكەلنى كۆرىدۇ دە غەزەپلىنىپ مۇنداق دەيدۇ:

**مَا كَانَ إِبْرَاهِيمُ يَهُودِيًّا وَلاَ نَصْرَانِيًّا وَلَكِن كَانَ حَنِيفًا مُّسْلِمًا وَمَا كَانَ مِنَ الْمُشْرِكِينَ [٦٧]**

ئىبراھىم يەھۇدىيمۇ ئەمەس، ناسارامۇ ئەمەس ۋە لېكىن توغرا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى، الله قا بويسۇنغۇچى ئىدى، مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى

سۈرە ئال ئىمران ٦٧ _ ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلالنى كەئبىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەزان توۋلاشقا بۇيرۇيدۇ. بىلال ئەزان ئوقۇماقتا... پاھ بۇ نېمە دېگەن گۈزەل ۋاقىت! نېمىدېگەن گۈزەل ماكان! نېمە دېگەن ياخشى پۇرسەت ھە...!

مەككىدە جانلىقلار ھەركەتتىن توختىدى، ئەچچە ئونمىڭلىغان مۇسۇلمانلار بىلالنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ئەزان كەلىمىلىرىنى ھۆرمەت بىلەن، پەس ئاۋازدا تەكرارلاپ خۇددى سۈكۈتتە تۇرغان جانلىقلاردەك تۇرۇپ كەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە ئەھلىگە سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى؟ « ئى قۇرەيش جامائىتى! شەكسىزكى ئاللاھ سىلەردىن جاھالىيەتتىكىدەك تەكەببۇرلۇق قىلىش ۋە ئەجداتلاردىن پەخىرلىنىشنى بىكار قىلىۋەتتى. ئىنسانلار ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ، ئادەم تۇپراقتىن يارىتىلغان».

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇنداق رىۋايەت قىلغانكى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە پەتھە بولغان كۈنىسى كىشىلەرگە سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ئى ئىنسانلار! شەكسىزكى ئاللاھ سىلەردىن جاھالىيەتتىكىدەك تەكەببۇرلۇق قىلىش ۋە ئەجداتلاردىن پەخىرلىنىشنى بىكار قىلدى. كىشلەر ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى: ئاللاھ ئالدىدا ياخشى تەقۋادار، سېخىي كىشىدۇر. يەنە بىرى: ئاللاھ ئالدىدا پاسىق، گۇناھكار، خار كىشىدۇر. بارچە ئىنسان ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ باللىرى، ئاللاھ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تۇپراقتىن ياراتقان.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُم مِّن ذَكَرٍ وَأُنثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ [١٣]**

ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئاياللدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، الله ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر

سىۈرە ھۇجىرات ١٣ _ ئايەت

شۇنداق رىۋايەت قىلىنغانكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنىڭ ئاخىرىدا غەلىبە قىلغان ھالەتتە تۇرۇپ: «ئى مەككە ئەھلى! سىلەر مېنى نېمە قىلىدۇ دەپ ئويلايسىلەر؟» دېدى.

ئۇلار: ياخشىلىق قىلىدۇ دەپ ئويلايمىز. چۈنكى سەن ئېسىل قېرىنداشىمىز، ئېسىل قېرىنداشىمىزنىڭ ئوغلى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قايتىپ كېتىڭلار سىلەر ئازات قىلىندىڭلار دېدى.

مۇشرىكلار ئۆيلىرىدە تۇرۇپ بۇ گەپلەرگە ئىشىنەي دىمەيتتى. بۇ مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ تېخى تونۇلغان مۇشۇ دىياردىن قوغلىۋېتىلگەن كەمبەغەللىرى شۇمۇ؟!

بۇ راسمۇ! ئۇنىڭ بىلەن نەچچە ئونمىڭ مۇسۇلمان بىللە تۇرىدىغۇ؟!

بىز قارشى تۇرغان، قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن، ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بۇ كىشى راس شۇمۇ؟!

بىزگە تولۇق كۈچى يېتىدىغان ھالەتتە تۇرۇپ بىزگە «كېتىڭلار سىلەر ئازات» دەپ خىتاب قىلىۋاتقان بۇ كىشى راس شۇمۇ؟!

بىلال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەم بارلىق جەڭلەرگە قاتنىشىپ بىللە ياشىدى. ئۇ نامازغا ئەزان ئوقۇيتتى. ئۇنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقارغان، قۇللۇقتىن ئەركىنلىككە چىقارغان، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى يۇقۇرى كۆتۈرگەن بۈيۈك دىنىنىڭ شوئارلىرىنى جانلاندۇراتتى ۋە ھىمايە قىلاتتى. بىلالنىڭ ئۆزىنىڭ جەننەت ئەھلىدىن بولىدىغانلىقى بىلەن بېشارەت بەرگەن رەسۇلۇللاھقا بولغان يېقىنلىقى كۆنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتاتتى. لېكىن بىلال ئەسلىدىكىدەك ئېسىل، كەمتەر ھالەتتە تۇرىۋەردى. ئۇ ئۆزىنى تېخى تۈنۈگۈن قۇل بولغان بىر ھەبەشىستانلىق دەپ قارايتتى.

ئى بىلال سەن ئەمدى قۇل ئەمەس! بەلكى سەن ئىسلام سايىسى ئاستىدا خوجايىنغا ئايلاندىڭ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىككىنچى خەلىپىسى بولغان ئۆمەر ئىبنى خەتتاب سەن توغرىلىق سەن ئازات بولغان كۈنىدە: ئەبۇبەكرى بىزنىڭ خوجايىنىمىز، ئۇ بىزنىڭ خوجايىنىمىزنى ئازات قىپتۇ دېگەن ئەمەسمۇ؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رازى بولغان، رازى قىلىنغان ھالدا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىنى رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈستىگە ئالدى.

بىلال رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسى ئەبۇبەكرىنىڭ يېنىغا بېرىپ مۇنداق دېدى: ئى رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسى ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بىر كېچە _ كۈندۈز جەڭ مەيدانىدا راباتتا تۇرۇش بىر ئاي روزا تۇتۇپ كېچىسى قىيامدا تۇرغاندىن ياخشى، ئەگەر ئۇ ئۆلۈپ كەتسە بۇرۇن قىلغان ئەملى ئۈزۈلۈپ كەتمەيدۇ، رىزقىمۇ ئۈزۈلۈپ كەتمەيدۇ ۋە قەبرى ئازابىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ».

ئەبۇبەكرى ئۇنىڭغا: بىلال سەن نېمىنى خالايسەن؟ دېدى.

بىلال: ۋاپات تاپقۇچە ئاللاھ يولىدا راباتتا تۇرۇشنى خالايمەن.

ئەبۇبەكرى: ئۇنداقتا بىزگە ئەزاننى كىم ئوقۇپ بېرىدۇ؟ دېدى.

بىلال كۆز يېشى تۆككەن ھالدا: مەن رەسۇلۇللاھتىن كېيىن ھېچكىمگە مۇئەز
زىنلىك قىلمايمەن دېدى.

ئەبۇبەكرى: ئى بىلال بۇ يەردە قېلىپ بىزگە مۇئەززىنلىك قىلىپ بەر دېدى.

بىلال: ئى رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسى ئەگەر سەن مېنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن سېتىۋېلى
پ ئازات قىلغان بولساڭ مېنى ئېلىپ قالغىن، ئەگەر ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن
سېتىۋېلىپ ئازات قىلغان بولساڭ، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن مېنى ئۆز مەيلىمگە
قويىۋەت دېدى.

ئەبۇبەكرى: ئى بىلال مەن سېنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئازات قىلدىم. مەن سې
نى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئازات قىلدىم دېدى.

بىلال شامغا بېرىپ ئۇ يەردە راباتتا تۇردى. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەزان ئوقۇشى
مۇئمىنلەرنىڭ ئەمرى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شامنى زىيارەت قىلغاندا بول
غان. مۇسۇلمانلار ئۆمەردىن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۇلارغا بىر ۋاخ نام
ازغا ئەزان ئوقۇپ بېرىشكە ئېلىپ كېلىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. مۆئمىنلەرنى
ڭ ئەمرى ئۆمەر بىلالنى چاقىردى. ھالبۇكى بۇ ۋاقىتتا ناماز ۋاقتى يېتىپ كەلگە
ن ئىدى. ئۆمەر بىلالدىن بۇ نامازغا ئەزان ئوقۇپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىپ سورىد
ى.

بىلال ئۆگزىگە چىقىپ ئەزان ئوقىدى. ئىلگىرى بىلالنىڭ رەسۇلۇللاھقا مۇئەززىنلى
ك قىلىۋاتقان ھالىتىنى كۆرگەن ساھابىلەر يىغلاپ كەتتى. ئۇلار خۇددى بۇندىن بۇ
رۇن پەقەت يىغلاپ باقمىغاندەك يىغلىشىپ كەتتى. ئۆمەر ئەڭ قاتتىق يىغلىدى.

پەلەك چارچىسى بىلال ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئۆلۈم كەلگەنگە قەدەر داۋاملىق شا
م شەھەرلىرىدە راباتتا تۇردى.

ئۇ ۋاپات تاپقان كېسىلىدە ئايالى ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ: ۋاي ئىسىت! بۇ قايغۇنى، د
ەپ ئاۋاز قىلاتتى.

ئۇ ھەر قېتىمدا كۆزىنى ئېچىپ: ۋاي خۇشاللىق دەيتتى. ئاندىن ئۇ ئاتمىش نەچچ
ىگە يېقىنلاشقان بۇ ئۆمرىدە، بىز ئەتە دوستلىرىمىز مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ساھابىلى

رى بىلەن كۆرۈشمىز، دېگەن سۆزلەرنى تەكرارلىغان ھالەتتە ئەڭ ئاخىرقى نەپەسلىرىنى ئۈزدى.

ئاندىن دەمەشىق قەبرىستانلىقىدىكى كىچىك ئىشىكنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى.

دېمەك دەمەشىق تۇپراقلىرى ھەق ئۈچۈن قۇربان بۇلۇش ۋە پىرىنسىپ ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش داۋامىدا ئېگىز تاغلاردەك مۇستەھكەم تۇرغان ئىسلامنىڭ كاتتا كىشلىرىنىڭ بىرىنىڭ جەسىدىنى ئۆز قېتىغا ئالدى.

ئەي بىلال ئاللاھ سەندىن رازى بولسۇن ۋە سېنى رازى قىلسۇن!

# خاتىمە

رەببىڭنىڭ نامى بىلەن سورايمەنكى ماڭا بىر ئېيتقىنە بۇ دىن ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ق
ەلبلىرىدە قالدۇرۇپ كەتكەن ئالىجاناپلىق، يۈكسەكلىك، ئۇلۇغلۇق، ئىززەت نېمە
دېگەن كاتتا ھە!

شەكسىزكى بۇ دىن ھەق ئاۋازى بولۇپ قەلبىڭنىڭ خۇشاللىقىغا ئارلىشىپ ئۇنى ئال
لاھ تائالاغا ئېسىلدىغان، ئاللا تائالانىڭ كۈچ قۇدرىتىگە بويسۇندىغان، ئۇ زات ي
ولىدا ئۇچراتقان ھەر قانداق جاپا _ مۇشەققەت ۋە دەرت _ ئەلەملەرنى ئۇنتۇپ
كېتىدىغان بەلكى ئۇنى خۇددى شەھۋەتپەرەسلەر شەھۋەتلىرى بىلەن شوغۇللانغا
ندا ھۇزۇرىنى ھېس قىلىشقاندەك، ھۇزۇر ھېس قىلىپ قويىدىغان قىلىپ قويىدۇ.
لېكىن ھەسرەت نادامەتنى ئېلىپ كېلىدىغان ھۇزۇر ھالاۋەت بىلەن، نىئمەتلەر
بىلەن قوشۇلغان جەننەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغان ھۇزۇر _ ھالاۋەت ئوتتۇرىسىدا
پەرق بەك چوڭ. شەكسىزكى ئۇلار توغرا يولنى تاللىغان بولۇپ، بۇ يول ئۇلارن
ى ئۇلار ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدائۇچرىتىدىغان بەخت _ سائادەتكە يەتكۈزىدۇ. ئۇلار
ئېرىشكەن بۇ بەخت _ سائادەتكە ئېرىشىش قېيىن ئەمەس. لېكىن ئەھۋالىنى ئ
ۆزگەرتىشكە غەيرەت _ شىجائەت بولۇش كېرەك.

ھەقىقەتەن ئۇلار جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان يولنىڭ يالغانچىلىقىنى، خىيانىتىنى يا
كى ئالدامچىلىقىنى كۆرۈپ باقمىغان مانا بۇ ئەلچىگە ئەگىشىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ
يەتكەن.

سىز ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولىشىدىن ئىلگىرى رەسۇلۇللاھ ھەققىدە سۆز قىلغۇچىند
ڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىڭ! ئۇ كىشى ئەبۇسۇفيان ئىبنى ھەرب بولۇپ، ئۇ مۇن
داق دەيدۇ: ھىرەقلە ئۇنىڭغا قۇرەيش كارۋانلىرى ئىچىدە تۇرغىنىدا ئەلچى ئەۋەتىپت
ۇ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇسۇفيان ۋە قۇرەيش كافىرلىرى بىلەن سۈل
ھى تۈزۈشكەن مۇددەتتە شامدا تىجارەت قىلاتتى. ئاندىن ئۇلار ھىرەقلەنىڭ يېنىغ
ا كەپتۇ. ئۇلار ئىليا دېگەن جايغا كەلگەن ئىدى.

ھىرەقلە ئۇلارنى سورۇنغا چاقىردى. ھالبۇكى ئەتراپىدا رۇم كاتتىلىرى بار ئىدى.
ئاندىن ئۇلارنى ۋە تەرجىمانىنى چاقىرىپ، قايسىڭلار ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ ئاتىد
ۋالغان بۇ ئادەمگە نەسەب جەھەتتە ئەڭ بەك يېقىن؟ دېدى.

ئەبۇ سۇفيان مۇنداق دەيدۇ: مەن نەسەب جەھەتتە ئەڭ يېقىن بولىمەن دېدىم

ھىرەقلە: ئۇنى ھەمراھلىرى بىلەن قوشۇپ ماڭا يېقىنراق ئەكىلىڭلار، ھەمراھلىر
ىنى ئارقىسىدا قويۇڭلار دېدى. ئاندىن تەرجىمانىغا: ئۇلارغا ئېيتىپ قوي! مەن ب
ۇ كىشىدىن (ئەبۇسۇفيان) ئۇ ئادەم (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى) توغرى
سىدا سورايمەن. ئەگەر ئۇ ماڭا يالغان گەپ قىلسا، ئۇلار ئۇنى يالغان ئېيتتى دېس
ۇن دېدى.

ئەبۇ سۇفيان مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر كىشىلەر ئۈستۈمدىن يالغان سۆزلەرنى رىۋايە
ت قىلىپ يۈرىشىدىن نومۇس قىلمىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئۇ كىشى (رەسۇلۇللاھ) ت
وغرىسىدا يالغان گەپقىلغان بولاتتىم.

ئاندىن ئۇ (ھىرەقلە) مەندىن تۇنجى بولۇپ سورىغان ئىش شۇ بولدىكى، ئۇ مۇندا
ق دېدى:

ئاراڭلاردا ئۇنىڭ نەسەبى قانداراق؟

_ ئۇ ئارىمىزدا نەسەبلىك

بۇ سۆزنى (پەيغەمبەرلىكنى) بۇندىن بۇرۇن سىلەردىن بىرەرسى دەپ باققانمۇ؟

_ ياق

_ ئۇنىڭ ئاتا _ بوۋىلىرى ئىچىدە پادىشاھ بولغانلار بارمۇ؟

_ ياق

_ ئۇنىڭغا يۈزلۈك ئادەملەر ئەگىشىۋاتامدۇ ياكى ئاجىز كىشىلەرمۇ؟

_ ئاجىز كىشىلەر ئەگىشىۋاتىدۇ.

_ ئۇلار كۆپىيىۋاتامدۇ ياكى ئازلاۋاتامدۇ؟

_ كۆپىيىۋاتىدۇ.

_ ئۇلاردىن بىرەسى شۇ دىنغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆچ كۆرۈپ رازى بولماي يېنىپ

كەتتىمۇ؟

_ ياق.

_ ئۇ بۇ سۆزنى (پەيغەمبەرلىكنى) دېيىشتىن بۇرۇن سىلەر ئۇنىڭغا يالغان سۆزلىدى دەپ تۆھمەت قىلىپ باققانمۇ؟

_ ياق.

_ ئۇ ۋەدىگە خىيانەت قىلامدۇ؟

_ ياق، لېكىن بىز ھازىر ئۇنىڭ بىلەن ئەھدە ئىچىدە بۇندىن كېيىن نېمە قىلىدۇ بىلمەيمىز. (ئەبۇ سۇفيان مۇنداق دەيدۇ: مۇشۇ سۆزدىن باشقا بىرەر سۆزنى كىرگۈزۈش ئىمكانىيىتىم بولمىدى).

_ سىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىپ باقتىڭلارمۇ؟

_ ھەئە.

_ ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئۇرۇشىڭلار قانداق بولدى؟

_ ئارىمىزدىكى ئۇرۇش بىردە بىر بولدى، يەنى بىر قېتىم بىز يەڭسەك، بىر قېتىم ئۇ يەڭدى.

_ ئۇ سىلەرنى نېمىگە بۇيرۇيدۇ؟

_ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار. ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار. ئاتا _ بوۋىلىرىڭلار دەپ يۈرگەن نەرسىلەرنى تاشلاڭلا

ر». ئۇ يەنە بىزنى ناماز ئوقۇشقا، راست سۆزلەشكە، ئىپپەتلىك بولۇشقا، ئۇرۇق _ تۇققانچىلىقنى ئۇلاشقا بۇيرۇيدۇ.

ئاندىن كېيىن ھىرەقلە تەرجىمانىغا مۇنداق دېدى:

ئۇنىڭغا دېگىن: مەن سەندىن ئۇنىڭ نەسەبى توغرىلىق سورىدىم، سەن ئۇنى ئاراڭلاردا نەسەبلىك كىشى دېدىڭ. ئەلچىلەر ئەنە شۇنىڭدەك قەۋمىنىڭ نەسەبلىكلىرىدىن ئەۋەتىلىدۇ. بۇندىن بۇرۇن ئاراڭلاردا ھېچكىمنىڭ پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلمىغانلىقىنى ئېيتتىڭ، ئەگەر پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان بىرەر كىشى بولغان بولسا، مۇھەممەدنى ئۇنى دوراپ پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان دەيتتىم.

مەن سەندىن ئۇنىڭ ئاتا _ بوۋىلىرى ئارىسىدا پادىشاھ بولغانلار بارمۇ دەپ سورىدىم، سەن ياق دەپ جاۋاپ بەردىڭ، ئەگەر ئۇنىڭ ئاتا _ بوۋىلىرى ئارىسىدا پادىشاھ بولغانلار بولغان بولسا، بۇ ئاتىسىنىڭ پادىشاھلىقىنى تەلەپ قىلىۋاتقان كىشى ئىكەن دىگەن بولاتتىم.

مەن سەندىن سىلەر ئۇنى بۇ گەپنى دېيىشتىن بۇرۇن يالغانچىلىق بىلەن تۆھمەت قىلىپ باقتىڭلارمۇ دەپ سورىدىم، سەن ياق دەپ جاۋاپ بەردىڭ. ھەقىقەتەن مەن بىلىمەنكى ئۇ كىشىلەرگە يالغان ئېيتىشنى تاشلاپ ئاللاھقا يالغان ئېيتمايدۇ.

مەن سەندىن ئۇنىڭغا يۇزلۇك ئادەملەر ئەگىشىۋاتامدۇ ياكى ئاجىز كىشلەرمۇ دەپ سورىدىم، سەن ئاجىز كىشلەر دەپ جاۋاپ بەردىڭ. ئەنە شۇلار پەيغەمبەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدۇر.

مەن سەندىن ئۇلار كۆپىيىۋاتامدۇ ياكى ئازلاۋاتامدۇ دەپ سورىدىم، سەن كۆپىيىۋاتىدۇ دەپ جاۋاپ بەردىڭ. ئىيماننىڭ ئىشى پۈتكەنگە قەدەر شۇنداق بولىدۇ.

مەن سەندىن ئۇلاردىن بىرەرسى ئۇ دىنغا كىرگەندىن كېيىن نارازى بولۇپ ياكى ئۆچ كۆرۈپ يېنىپ كەتتىمۇ دەپ سورىدىم، سەن ياق دەپ جاۋاپ بەردىڭ، ئىيمان دېگەن خۇشاللىقى قەلبكە ئارلىشىپ كەتكەن ۋاقىتدا ئەنە شۇنىڭدەك بولىدۇ.

مەن سەندىن ئۇ كىشلەرنى ئالدامدۇ دەپ سورىدىم، سەن ياق دەپ جاۋاپ بەردىڭ . ئەلچىلەر ئەنە شۇنىڭدەك كىشلەرنى ئالدىمايدۇ.

مەن سەندىن ئۇ سىلەرنى نېمىگە بۇيرۇيدۇ دەپ سورىدىم، سەن ئاللاھقا ئىبادەت
قىلىشقا، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى ھېرىك كەلتۈرمەسلىككە بۇيرۇيدۇ، بۇتلارغا ئىب
ادەت قىلىشتىن توسىدۇ، ناماز ئوقۇشقا، راستچىل بولۇشقا، ئىپپەتلىك بولۇشقا بۇير
ۇيدۇ دەپ جاۋاپ بەردىڭ. ئەگەر سەن دېگەن ئىشلار راست بولىدىغان بولسا، ئۇ
پات يېقىندا رۇم زېمىنىنىمۇ ئىگەللەيدۇ. مەن ئۇنىڭ چوقۇم چىقىدىغانلىقىنى بىلەتتىم
، لېكىن سىلەردىن چىقىدۇ دەپ ئويلىماپتىكەنمەن.

ئەگەر مەن ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىشىمنى بىلگەن بولسام ئىدىم، ئەلۋەتتە كۆپ
جاپالارغا ئۇچرىساممۇ كۆرۈشكەن بولاتتىم. ئەگەر ئۇنىڭ يېنىدا بولغان بولسا،
ئەلۋەتتە ئۇنىڭ پۇتىنى يۇيۇپ قويغان بولاتتىم.

ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىھيە ئەلگە ئىبىي رەزىيەللاھۇ ئە
نھۇدىن بۇسرانىڭ كاتتىسىغا ئەۋەتكەن خەتنى تەلەپ قىلدى، ئاندىن دىھيە ئۇنى ھد
رەقلەگە بەردى.

ھىرەقلە ئۇ خەتنى ئوقۇدى، قارىسا بۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن ئىدى:

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى مۇھەممەدتىن رۇم كاتتىسى ھىرەقلەگە...

توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە سالام بولسۇن! مەقسەتكە كەلسەك:

مەن سېنى ئىسلام چاقىرىقى بىلەن چاقىرىمەن. مۇسۇلمان بول، سالامەت قالىسە.
ئاللاھ ساڭا ئىككى ھەسسە ئەجىر بېرىدۇ. ئەگەر يۈز ئۆرىسەڭ شەكسىزكى ساڭ
ا خەلقىڭنىڭمۇ جىنايىتى يۈكلىنىدۇ، ۋە ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسا
رالار) نېمە ئۈچۈن ئىبراھىم توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىسىلەر؟ (ئىبراھىمنى ئۆزۈ
ڭلارنىڭ دىنىدا دەپ گۇمان قىلىسىلەر؟) ھالبۇكى، تەۋرات بىلەن ئىنجىل ئىبراھىمد
ىن كېيىن نازىل بولدى. (سۆزۈڭلارنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى) چۈشەنمەمسىلەر
؟

ئەبۇ سۇفيان مۇنداق دېدى: ئۇ يۇقارقى سۆزلىرىنى دەپ ھېلىقى خەتنى ئوقۇپ ب
ولغان چاغدا ئۇنىڭ ئەتراپىدا ۋاراڭ _ چۇرۇڭلار، ئاۋازلار يۇقۇرى كۆتۈرلۈپ

كەتتى، بىز ئۇنىڭ ھوزۇرىدىن چىقىرۋېتىلدۇق، ئاندىن مەن ھەمراھلىرىمغا مۇندا
ق دېدىم: ھەقىقەتەن مۇھەممەدنىڭ ئىشى بەك چوڭىيىپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭدىن رۇملۇ
قلارنىڭ پادىشاھىمۇ قورقىۋاتىدۇ. مەن ھېلىھەم ئۇنىڭ ئاشكارا بولىدىغانلىقىغا ئىشىنى
ەتتىم، ئاخىرى ئاللاھ مېنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلدى.

ئىلىيانىڭ پادىشاھى ئىبنى نازۇر ۋە ھىرەقلە شام ناسارالىرىنىڭ باش ئېپىسكوپلىر
ى ئىدى. ئىبنى نازۇرشۇنداق بايان قىلىدۇكى: ھىرەقلە ئىلياغا كەلگەن ۋاقتىدا بىر
كۈنى غەمكىن ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزدى، ئاندىن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بەزى كىشىلە
ر بۈگۈن باشقىچە تۇرىدىلىغۇ؟ دېدى.

ئىبنى نازۇر مۇنداق دەيدۇ: ھىرەقلە يۇلتۇزغا قارايدىغان كاھىن ئىدى، ئۇلار ئۇنىڭ
دىن سورىغان ۋاقتىدا ئۇ مەن بۈگۈن كېچە يۇلتۇزغا قارىغىنىمدا خەتنە قىلىدىغان
لارنىڭ پادشاھىنىڭ ئاللىقاچان مەيدانغا كېلىپ بولغانلىقىنى كۆردۈم، ھازىر كىشىل
ەردىن كىم خەتنە قىلىدۇ؟ دېدى.

ئۇلار: يەھۇدىلاردىن باشقىلار خەتنە قىلمايدۇ لېكىن بۇنىڭدىن غەم قىلما، سەن با
شقۇرىۋاتقان شەھەرلەرگە خەت يازغىن، ئۇلار ئارىسىدىكى يەھۇدىلارنى ئۆلتۈ
رىۋەتسۇن دېدى.

بىر چاغدائۇلار شۇ ئىشلار بىلەن تۇرغىنىدا ھىرەقلەگە غەسسان پادشاھى پەيغەم
بەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە خەۋەر يەتكۈزۈپ ئەۋەتكەن ئەلچىسى كەلتۈرۈلدى،
ھىرەقلە بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بېرىپ قاراپ بېقىڭلار ئۇ خەتن
ە قىلغانمىكەن ياكى ياقمۇ دېدى.

ئۇلار ئۇنىڭغا قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خەتنە قىلىنغانلىقىنى ئېيتتى. ئاندىن
ھىرەقلە بۇ ئۇممەتنىڭ پادشاھى راستىنلا مەيدانغا كەپتۇ دېدى. ئاندىن ھىرەقلە رۇ
مىيە دىگەن يەردىكى بىر دوستىغا خەت يازدى، ئۇ ئىككىسى ئىلىمدا ئوخشاش ئىد
ى.

ھىرەقلە ھىمس شەھىرىگە قاراپ ماڭدى، ئۇ ئۇ يەرگە بارماي تۇرۇپلا ئۇنىڭغا دو
ستىدىن پەيغەمبەرنىڭ چىققانلىقى، ئۇنىڭ ھەقىقى پەيغەمبەر ئىكەنلىكى ھەققىدە بىر
پىكىردە ئىكەنلىكى يېزىلغان خەت كەلدى.

ئاندىن ھىرەقلە رۇم كاتتىلىرىنىڭ ھىمىسدىكى سارىيىغا كېلىشنى ئېلان قىلدى، ئ
ۇلار كەلگەندىن كېيىن سارايىنىڭ ئىشىكلىرىنى تاقاشقا بۇيرىدى، ئىشىكلەر تاقالدى.
ئاندىن ئۇ چىقىپ: ئى رۇم جامائەسى! نىجاتلىققا ئېرىشكىڭلار بارمۇ؟ توغرا يولد
ا ماڭغۇڭلار بارمۇ؟ پادىشاھلىقىڭلارنىڭ مۇستەھكەم تۇرۇشىنى خالامسىلەر؟ ئەگە
ر قىزىقساڭلار مانا بۇ پەيغەمبەرگە بەيئەت بېرىڭلار دېدى. ئاندىن ئۇلار خۇدد
ى ياۋا ئېشەك ئۈركىگەندەك ئۈركۈپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ قاچتى. ئۇلار ئىشىكن
ىڭ تاقالغانلىقىنى بىلدى، ھىرەقلە ئۇلارنىڭ ئۈركۈپ قېچىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن، ئى
يمان

ئېيتىشىدىن ئۈمۈد ئۈزگىنىدە، ئۇلارغا قايتىپ كېلىڭلار، مەن بايامقى سۆزلەرن
ى دىنىڭلاردا قانچىلىك چىڭ تۇرىدىغانلىقىڭلارنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئېيتقان،
مەن سىلەرنىڭ دىنىڭلاردا چىڭ تۇرىدىغانلىقىڭلارنى كۆردۈم دىدى. ئاندىن ئۇلار ئ
ۇنىڭغا سەجدە قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن رازى بۇلۇشتى.

ھىرەقلەنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەھۋالى ئەنە شۇنىڭدەك بولدى.

بۇ ھەدىسنى سالىھ ئىبنى كىيسان، يۈنۈس ۋە مەئمەر زۆھرىدىن رىۋايەت قىلغان.

**تامام!**

**ئاخىرداپارلىق گۈزەل ماختاشلار ئاللاھ تائالاغا بولسۇن!!!**

ISLAM LAND

www.islamland.com



ISLAM LAND
GROW GOODNESS BY YOUR HAND
EXPLORE ISLAM IN ALL LANGUAGES
WWW.ISLAMLAND.COM